*Вәтәнни сөйүш - иманниң җүмлисидиндур*

ۋەتەننى سۆيۈش ـ ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر

قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرى «ئىتتىپاق»
جەمئىيىتىنىڭ ئاممىۋى ـ سىياسىي گېزىتى

**Общественно - политическая газета**
**Общественного объединения уйгуров**
**“Иттипак” Кыргызской Республики**

# ИТТИПАК ئىتتىپاق ЫНТЫМАК

№ 4 (894), апрель, 2022 г.

2022 ـ يىل، سەۋر 4 ـ سان (894)

**-Газета издается с марта 1994 года**

## В НОМЕРЕ:



*Пешкәдәм миллий армия җәңчиси*
*2-бәт*




پروفېسور ئۇنۋانى بىلەن
تەبرىكلەيمىز
7 ـ بەت



*Даңлиқ уйғур спортчилири*
*8,10-бәтләр*



*Вәтән ишқида өткән һаят*
*12-бәт*



*Әлвида, маһир сәнъәт устази*
*15-бәт*

# Апрель элдик революциясына 12 жыл

# ئاپرېل ئىنقىلاۋىنىڭ 12 يىللىغى

# 12-я годовщина Апрельской народной революции



*Кыргыз Республикасынын Президенти Садыр Жапаров Апрель элдик революциясынын кезектеги жылдыгына карата Кыргызстан элине кайрылуу жасады.*

*Ал өзүнүн кайрылуусанда мындай деди:*

*«Урматтуу мекендештер!*

*2010-жылдын 7-апрелинде Кыргызстандын келечеги үчүн эч нерседен тайманбаган эр-азаматтарыбыз коррупциялашкан бийликти кулатканы эсиңиздерде.*

*Апрель элдик революциясынын натыйжасы — мамлекеттин андан аркы өнүгүүсүнө ишенимдүү кадам таштоо менен демократия принциптерин ишке ашыруу болду.*

*Дегеле Аксы окуясы, Март жана Апрель элдик революциялары саясий жана тарыхый маанилүү окуялардан болуп калды. Дүйнө коомчулугу кыргыз эли жөнүндө көз карашын өзгөртүп, ар-намысы бийик, эркиндик менен акыйкатты сүйгөн эл катары таанып, баалай баштады.*

*Апрель элдик революциясында кийинки муундардын жаркын жашоосу, бакубат турмушу үчүн өз өмүрлөрүн арнаган жигиттерибиз — бүгүнкү мезгилдин анык баатырлары.*

*Алардын ажалга тике караган эрдиктери канча мезгил өтсө да элибиздин жүрөгүндө түбөлүккө сакталып, кылым карыткан Кыргызстандын тарыхында ысымдары алтын тамга менен жазылып калары талашсыз.»*

«Президент» сайты

قىرغىزستان جۇمھۇرىيىتى پرېزىدېنتى سادىر جاپاروۋ 4 ـ ئاپرېلدىكى خەلق ئىنقىلابىنىڭ 12 يىللىغى مۇناسىۋىتى بىلەن قىرغىزستان خەلقىگە مۇراجىئەت قىلدى.

ئۇ سۆزىدە مۇنداق دېدى:

«ھۆرمەتلىك قېرىنداشلار!

2010 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، يۇرتداشلىرىمىز قىرغىزستاننىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن چىرىك ھۆكۈمەتنى قانداق جاسارەت بىلەن ئاغدۇرۇپ تاشلىغانلىغىنى ھەممىمىز ئەسلەيمىز.

4 ـ ئاپرېلدىكى خەلق ئىنقىلابىنىڭ نەتىجىسى دېموكراتىيە پرىنسىپىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ۋە دۆلەتنىڭ يەنىمۇ تەرەققىي قىلىشىغا بولغان ئىشەنچلىك قەدەم.

ئاقسۇ ۋەقەسى، مارت ۋە ئاپرېلدىكى خەلق ئىنقىلابى سىياسىي ۋە تارىختىكى ئەھمىيەتلىك ۋەقەلەرگە ئايلاندى. دۇنيا جامائىتى قىرغىزستان خەلقىگە بولغان تونۇشىنى ئۆزگەرتتى، بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ شەرەپ، ئىززەت ـ ھۆرمەتكە ئوخشاش يۇقىرى ئەخلاق ۋە ئەخلاق پەزىلىتىنى تونۇپ يەتتى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئەركىنلىك ۋە ئادالەتكە بولغان ئىنتىلىشىنى قەدىرلىدى.

ئاپرېل ئايدىكى خەلق ئىنقىلابىغا، پارلاق كەلگۈسى ۋە كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن كۆرەش قىلغان خەلقىنىڭ باتۇر ئوغۇللىرى ھازىرقى قەھرىمانلار.

قانچىلىك ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ ئۆلۈم ئالدىدا قورقماسلىغى خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە قالىدۇ، شۈبھىسىزكى، ئۇلارنىڭ ئىسمى قىرغىزستان تارىخىدا مەڭگۈ ئالتۇن ھەرپلەر بىلەن يېزىلىدۇ.

«پرېزىدېنت تور بېكىتى»

*Президент Кыргызской Республики Садыр Жапаров сделал обращение к кыргызстанцам по случаю очередной годовщины Апрельской народной революции.*

*В своем обращении он в частности сказал:*

*«Уважаемые сограждане!*

*Все мы помним 7 апреля 2010 года, как за будущее Кыргызстана мужественные и отважные наши соотечественники свергли коррумпированную власть.*

*Результатом Апрельской народной революции стала реализация принципов демократии и уверенные шаги в дальнейшее развитие государства.*

*Аксыйские события, Мартовская и Апрельская народные революции стали политическими и исторически значимыми событиями. Мировое сообщество изменило свое представление о кыргызском народе, тем самым признав его высокие морально-нравственные качества, такие как честь, достоинство, и оценив его стремление к свободе и справедливости.*

*Отважные сыновья народа, посвятившие свою жизнь Апрельской народной революции, борьбе за светлое будущее и благополучие последующего поколения, — являются героями настоящего времени.*

*Сколько бы времени ни прошло, их бесстрашие перед лицом смерти останется в сердцах нашего народа и, несомненно, их имена будут навсегда вписаны золотыми буквами в историю Кыргызстана.*

**«Сайт президента»**

# ПЕШҚӘДӘМ МИЛЛИЙ АРМИЯ ҖӘҢЧИСИ БИЛӘН УЧРУШУШ

XX-әсирниң алдинқи йеримида уйғур хәлқи миллий азатлиқ инқилабини елип берип, 1933-жили Қәшқәрдә, 1944-жили Ғулжидә икки қетим Шәрқий Түркистан жумһурийитини қурған. Гәрчә бу жумһурийәтләр узун муддәт мәвжут болуп туралмиған болсиму, лекин уйғур хәлқиниң бүгүнки заман миллий күрәш тарихида әң яркин сәһипиләрниң бири болуп һесаплиниду.

Дәрвәқә, уйғурларниң XX-әсирдики миллий азатлиқ күрәшлиридә, болупму или инқилабида миллий армия муһим роль ойниған. Миллий армия 1945-жили 8-апрель күни Ғулжида қурулған. Мошу мунасивәт билән дунияниң һәр қайси жайлардики уйғурлар һәр жили 8-апрель күни түрлүк паалийәтләрни елип берип, миллий армияниң қурулған хатирә күнини хатириләп кәлмәктә. Бу жил 8-апрелда Қирғизстан уйғурлириму «Иттипақ» жәмийитиниң башчилиғида сабиқ миллий армия җәңчиси 94 яшлиқ Аблимит ака Бәкрини зиярәт қилишти. Аблимит ака Бәкри 18 йешида миллий армия сепида, Манас дәриясиниң бойиғичә қанлиқ җәңләргә қатнашқан.

Адәттә, Қирғизстан уйғурлири «Иттипақ» жәмийитиниң йетәкчилигидә һәр жили миллий армия күнигә беғишлап ай-юлтузлуқ көк байрақларни көтүрүп, докладларни қилип, чоң мурасимларни уюштуратти. Бу жили миллий армия хатирә күни рамазан ейиға тоғра кәлгәчкә, «Иттипақ» жәмийити мәркизий кеңиши Қирғизстандики сабиқ миллий армия җәңчиси Аблимит ака Бәкрини зиярәт қилип, йоқлашни қарар қилди. «Иттипақ» жәмийитиниң рәиси Әсқәр Қасимов, униң муавин рәиси Әкбәрҗан Бавудунов, ақсақаллар кеңишиниң рәиси Музәппәрхан Қурбанов, генеральный жигитбеши Сидиқжан Юсупходжиев, аяллар кеңишиниң рәиси Турсунай Ислам, «Лебединовка» йезиси аяллар кеңишиниң рәиси Қәминур Лобанова вә Новопокровка йезисиниң жигитбеши Ғәйрат Җаһанов һәмдә «Иттипақ» гезитиниң баш муһәррири Зумрәт Рузиевалар болуп, ғази Аблимит ака Бәкрини зиярәт қилишти.



*Аблимит ака Бәкри*

«Иттипақ» жәмийити ақсақаллар кеңишиниң рәиси Музәппәрхан Қурбанов, Аблимит ака Бәкриниң йеши чоң болсиму, әслимилири еник екәнлигини әскәртип өтти. У Аблимит ака Бәкриниң миллий күрәш сепидики қәһриман сәпдашлирини һәр даим әсләп туридиғанлиғини ейтти.

Зиярәт давамида Аблимит акаБәкри өз бешидин кәчүргән вақиәләрни, жүмлидин Манас дәрияси бойида болған җәңләр тоғрисида сөзләп өтти, зиярәтчиләр өз атилиридин аңлиған-билгән вақиәләрни сөзләп Аблимит ака Бәкриниң кәчмишлири билән ортақлашти.



*Миллий армияниң бир топ җәңчи вә офицерлири*

8-апрель миллий армия хатирә күнидә Қирғизстанниң җәнубидики Җалал-Абад шәһиридиму хатириләш паалийәтлири өткүзүлди. Мәзкур паалийәт «Иттипақ» жәмийитиниң Җалал-Абад шәһиридики шөбисиниң рәиси Әлишир Насирахуновниң тәшәббусида уюштурулди. Әлишир Насирахунов 2017-жилдин тартип уйғур хәлқиниң тарихидики аммивий вақиәләрни давамлиқ хатирләп келиватқанлиғини тәкитләп өтти.

Ахирқи жиллардин бери Хитайниң уйғур елида елип бериватқан иркий қирғинчилиғи, йәни уйғурларни лагерларға солаш, меңә жуюш, уйғур тили вә маарипини йоқутуш қилмишлири Қирғизстандики уйғурларниң қаттиқ наразилиғини қозғимақта. Улар өзлириниң миллий мәдәнийити, тили, урп-адәтлирини һәм кимлигини қоғдаш вә риважландурушқа алаһидә әһмийәт берип кәлмәктә.

**ФЕРУЗӘ**

# ҚИРҒИЗСТАН ЖУМҺУРИЙӘТЛИК «ИТТИПАҚ» ЖӘМИЙИТИНИҢ ҖАЛАЛ-АБАД ШӨБИСИ ЖУМИЛАҚ ҮСТӘЛ ӨТКӘЗДИ

*12-апрель күни , өз-өзини тәрәққий қилдуруш уқумини йолға қоюш үчүн , Қирғизстан жумһурийити президентиниң 2020-жили, 11-айниң 13-күнидики «Қирғизистан пукраси» пәрманиға асасән, Җалал-Абадтики «Иттипақ»ниң шөбиси уйғур мәдәнийәт мәркизи 2021-2026-жиллири Қирғизстан жумһурийити пукралириниң «Йешил мирас» вә «Кәлгүси яш әвлатларниң қолида» намлиқ жумилақ үстәл жиғини өткүзүлди.*



*Униңға мәдәнийәт мәркәзлириниң мәсъуллири , мәктәп вә йәсли мудирлири вә оқуғучилар қатнашти. «Иттипақ» уйғур мәдәнийәт мәркизи шәһәрдики мәктәпләр, йәслиләр вә тәнтәрбийә мәктәплири билән һәмкарлишип, мәдәнийәт паалийәтлирини тәшкилләп, яшларни тәбиәтни сөйүшкә вә әхлақий болушқа илһамландуриду.*

***Җалал-Абад шәһәрлик һөкүмитиниң учур мәркизи***

**Иттипақ**
**Главный редактор:** باش مۇھەررىر:
*Зумрат Рузиева* زۇمرەت رۇزىېۋا
**Зам. редактора:** مۇئاۋىن مۇھەررىرلەر:
*Акбаржан Баудунов* ئەكبەرجان باۋۇدۇن
*Абдурахим Хапизов* ئابدۇرەخىم ھاپىزى
**Редколлегия:** تەھرىر ھەيئىتى
*Музаппархан Курбанов* مۇزەپپەرخان قۇربانوۋ
*Мухаммеджан Ясынов* مۇھەممەتجان ياسىنوۋ
*Осман Турдиев* ئۇسمان تۇردىيېۋ
**Дизайнер - верстальщик:** دىزايىنېرى - ۋېرستالشىكى:
*Зумрат Рузиева* زۇمرەت رۇزىېۋا
**Набор текста:** تېكستنى نابور قىلغان:
*Зайтуна Рузиева* زەيتۇنەم رۇزىېۋا

Материалы, опубликованные в газете, являются собственностью редакции. Письма, рукописи не рецензируются и не возвращаются. Авторы опубликованных материалов несут ответственность за подбор и точность приведенных фактов. Редакция может публиковать статьи в порядке обсуждения, не разделяя точку зрения автора. Отвественность за содержание статей и рекламы редакция не несет.
گېزىتىمىز سەھىپىلىرىدىكى ماتېرىئاللارنىڭ جاۋاپكەرلىگى مۇئەللىپ ئۈستىدە.

**Учредитель:**
**Общественное объединение уйгуров «Иттипак» Кыргызской Республики**
ساھىبى:
«ئىتتىپاق» جەمئىيىتى
**Свидетельство о перерегистрации 682, серия ГРП, номер 000833 Министерство юстиции КР**
**Отпечатано в типографии «Центр поддержки СМИ». Заказ №534, тираж 3300**
**г. Бишкек, АНК, Дом Дружбы, ул. Пушкина, 78 инд. :720040**
**Тел.: 62-04-50 66-40-04**

# Қазақстандики уйғурлар миллий армиядә вәзипә өтигән офицер-жәңчиләрни яд әтти

Мәлумки, 1944-1949-жиллири уйғур диярида елип берилған миллий азатлиқ һәрикити уйғур хәлқиниң тарихидики әң шанлиқ сәһипиләрниң бири болуп һесаплиниду. Әнә шу миллий инқилабта һәл қилғучи роль ойниған миллий армияниң қурулғиниға топ-тоғра 77 жил болди. Тарихий пактларға қариғанда, 1945-жили, январь ейиниң ахирида Шәрқий Түркистан жумһурийити рәһбәрлири миллий армия қуруш ишлириға жиддий киришкән болуп, буниңға Нилқа партизанлири, Ғулжа қозғиланчилири вә пидаийлар асас болған.

1945-жили, 8-апрелда Ғулжа шәһиридә миллий армия рәсмий қурулуп, байрақ тапшуруш мурасими вә һәрбий парад өткүзүлгән. Арилиқта 70 жилдин ошуқ вақит өткән болсиму, муһажирәттә яшаватқан уйғурлар һәр хил шәкилдә хатириләш паалийәтлирини өткүзүп, азатлиқ, мустәқиллиқ үчүн жәң мәйданлирида қурбан болғанларға, шу жәңләргә қатнашқан мәрһумларға вә һелиму һаят яшаватқан шаһитларға һөрмәт билдүрүп кәлмәктә.

Мәлуматларға қариғанда, сабиқ миллий армия жәңчилири вә офицерлири әң көп олтурақлашқан мәмликәтләрниң бири Қазақстан болуп, һазир улардин санақлиқла адәм һаят.

Миллий армия қурулғанлиғиниң 77 жиллиғи мунасивити билән бәзи сәвәбләр түпәйли Қазақстанда бирәр рәсмий паалийәт өткүзүлмигән болсиму, әмма сәясәтшунас вә тарихчи Қәһриман Ғожамбәрдиниң бу вақиәгә беғишланған «Әхбаратнамә» намлиқ тор журнили иҗтимаий таратқуларда тарқитилип, көпчиликниң диққитини тартмақта. У бу тор журнилида миллий армияниң қурулуш тарихини вә униң бесип өткән мусапилирини тәпсилий йорутқан.

Биз әйни вақитта Ғулжида көтүрүлгән қураллиқ қозғиланниң актив рәһбәрлириниң бири, Шәрқий Түркистан жумһурийити һөкүмитиниң әзаси, миллий армия қоманданиниң орунбасари, кейинирәк генерал-майор унвани билән «Шинжаң һәрбий райони» ниң муавин штаб башлиғи лавазимини өтигән Зунун Тейиповниң Алмута шәһиридә яшаватқан қизи Мубарахан Исраиловани зиярәт қилдуқ.

Мубарахан Исраилова ханим миллий армия қурулғанлиғиниң 77 жиллиғи мунасивити билән уни зиярәт қилғанлиғимизға миннәтдарлиғини билдүрүп, мундақ деди: «Пүткүл өмрини өз хәлқигә адил хизмәт қилишқа беғишлиған милләтпәрвәр вә жасур инсан, атам Зунун Тейиповни әслисәк, у өзиниң иш-паалийитини Мусабаевлар заводида ишчи болуп башлиған. Дадам шу чағлардики Хитай гоминданчилар вә уларниң йәрлик һөкүмитигә әмәлдар болған хитайларға болған наразилиғидин инқилапчилар қатариға қошулған. Аддий ишчидин миллий армияни башқурған вә генерал дәрижисигә көтүрүлүшиму униң вәтән вә милләт алдидики бурчини ада қилиш ирадисиниң үстүнлигидин болған, әлвәттә. Ғулжа хәлқини миллий инқилапқа тәйярлашта 1944-жили апрелда мәхпий қурулған «Азатлиқ тәшкилати» чоң роль ойниған. Униң рәһбәрлик ядросиға Әлихан Төрәм, Абдукерим Аббасов, Рәһимжан Сабирһажи, Қасимжан Қәмбири, Абдурәуп Мәхсум, Зунун Тейип вә башқиму инқилапчилар сайланған. Бу тәшкилатниң асасий мәқсити-гоминданчиларниң қураллиқ күчлиригә зәрбә бериш вә уни йоқитиш болған. Әнә шундақ шараитта 1944-жили, 12-ноябрда Ғулжа шәһиридә Шәрқий Түркистан жумһурийитиниң вақитлиқ һөкүмити жакарлиниду вә униң һәйъәт әзалири сайлиниду. Шу 17 әзаниң бири болуп дадам Зунун Тейиповму сайланған.»



Өткән әсирниң 40-жиллири уйғур диярида партлиған азатлиқ һәрикәтлиригә актив арилашқанларниң йәнә бири әнә шу уйғур диярида дунияға кәлгән Мәсимжан Зулпиқаровтур.

Биз Шәрқий Түркистан жумһурийиттиниң миллий армия капитани болған, 1950-жилларниң оттурлирида Қазақстанға көчүп чиқип кетип, һаятини шу йәрдә өткәзгән атақлиқ язғучи Мәсимжан Зулпиқаровниң оғли, тонулған рәссам Күрәш Зулпиқаровни зиярәт қилдуқ.

Күрәш Зулпиқаров мундақ деди: «Биз бүгүн миллий армиядә хизмәт қилған вә дүшмән билән болған жәңләрдә қурбан болған атилиримизни әсләп олтуримиз. Мениң дадам Мәсимжан Зулпиқаровму уйғур хәлқиниң азатлиқ үчүн күришигә қатнашқан адәм. Или инқилаби башлинип, уруш күчийиватқан бир вақитта дадам көплигән яшлар қатарида 1945-жили, Қорғас наһийәсиниң Чилпәнзә йезисиға орунлашқан һәрбий курсқа оқушқа әвәтилиду. Авғустта у һәрбий курсни тамамлап, мәркизий йөнилиш фронтиға әвәтилиду. Вәтинимизни дүшмәндин толуқ азат қилиш үчүн Шәрқий Түркистан жумһурийити һөкүмити миллий армияни кадрлар билән тәминләшкә чоң күч чиқарған еди. Дадам фронттин қайтип келип, 1946-1947-жиллири Баяндай һәрбий мәктивиниң атлиқ қисмида оқуған. 1948-жили, 8-апрелда Ғулжида миллий армияниң қурулғиниға үч жил толуш мунасивити билән өткән һәрбий парадқа һәрбий мәктәп курсантлири, шулар ичидә чоң лейтенант унванида дадамму қатнашқан еди. Униңдин бир ай бурун Зунун Тейипов, Исһақбәк Монунов, Мәрғуп Исқақов қатарлиқ генераллар дадамни чақиривелип, һәрбий парадқа яхши тәйярлинишни тапшурған. Дадам ажайип чәвандаз болған. Парад вақтида иккинчи атлиқ полкиниң командири Мәсимжан Зулпиқаров өзиниң бир нәччә сәпдиши билән ат үстидә һәр хил мәшиқләрни көрситип, көпчиликни һәйран қалдурған. Шу вақитта командanлиқ дадамни чақиривелип, алаһидә рәхмитини ейтқан еди.»

Күрәш Зулпиқаров йәнә дадисиниң һәрбий мәктәптә инструктор вә штаб башлиғи, андин капитан унванида «музарт» давани шати чегра гарнизониниң башлиғи хизмитини өтигәнлигини билдүрди. Униң ейтишичә, Шәрқий Түркистанда Хитай коммунистик һакимийити орнитилғандин кейин, Мәсимжан Зулпиқаров һәрбий районда һәрбий тәйярлиқ башқарма башлиғиниң орунбасари, һәрбий-сәясий алий курсини тамамлиғандин кейин болса, отряд башлиғи хизмәтлирини өтигән.

Тарихчи Қәһриман Ғожамбәрдиниң «уйғурларниң этно-сәясий тарихи» намлиқ китавидики мәлуматлардин егилишимизчә, Иккинчи дуния урушиниң герман-совет фронтидики вәзийәт совет пайдисиға өзгәргәндә, Совет Иттипақи Исһақбәк Монунов башчилиғида һәрбий қошун тәшкилләп, Қирғизстан арқилиқ Қәшқәрияниң Ташқорған райониға киргүзгән. Совет тәрәпниң буниңдики мәқсити-Хитай һөкүмитигә қарши қураллиқ қозғилаң көтүрүштин ибарәт болған. Советниң мундақ мәхпий операциялири кейинки жиллардиму елип берилған.

Инқилабий һәрикәтләрниң қатнашқучиси Мирзигул Насировниң оғли Миршәкәр Насиров әпәнди мундақ деди: «Дадам Иккинчи дуния уруши, йәни биздә «Улуқ вәтән уруши» дәп аталған уруштин бурун мәктәптә муәллим, андин илмий мудир болуп ишлигән. Уруш башланғандин кейин, у кичик командирларни тәйярлайдиған курста тәрбийәлиниду. Андин взвод командири сүпитидә көплигән қанлиқ жәңләргә қатнашқан. 1944-жили Шәрқий Түркистанда Или инқилаби башланғанда Совет һөкүмитиниң, йәни Сталинниң йошурун буйруғи билән Ташкәнттә һәрбий мәктәптә оқуп, мәхсус тәйярлиқтин өтиду. Шу жилниң күз айлирида әнә шу тәйярлиқтин өткән әскәрләр мәхпий һалда чеградин вәтән тәрәпкә өтиду. У вақитта вәтинимиздә Хитай гоминдаң әскәрлиригә қарши қаттиқ уруш болуватқатти. Миллий армия қисимлири һәрбий һәрикәт елип барған жәнубий фронтта, болупму Ғулжа вә Ақсу үчүн болған қаттиқ жәңләрдә дадам башқурған атлиқ әскәрләр қәһриманлиқниң үлгисини көрсәткән. Шу вақитта Шәрқий Түркистан жумһурийити һөкүмитиниң рәиси Әлихан Төрә көпчилик алдида дадамға алаһидә һөрмәт билдүргәнлиги мәлум. Раст, бу урушта көплигән сирлар мошу күнгичә ечилмай келиватиду. Дадамму кейинки жилларда шуларға жаваб тапалмай хели қийналди. Шундақтиму биз вәтән үчүн, уйғур хәлқиниң әркинлиги үчүн қан төккән ата-бовилиримизни, анилиримизни һеч қачан унтумаслиғимиз керәк. Уларниң төккән қанлири бекарға кәтмиди, дәп ойлаймән. Чүнки, бүгүнки әвладлар мана шуларниң жасарити арқисида яшаватиду.»

Егилишимизчә, миллий армия сепидә уйғурлардин башқа йәнә қазақлар, татарлар, қирғизлар, өзбәкләр, руслар вә башқиму милләт вәкиллири болған. Хитай хәлиқ азатлиқ армияси 1949-жили уйғур елигә бесип киргәндин кейин, миллий армия Хитай хәлиқ азатлиқ армиясиниң 5-корпусиға айландурулуп, бара-бара йоқутулған. Вақит өтүши билән миллий армияниң көплигән жәңчи вә офицерлири Хитай һакимийити тәрипидин ужуқтурулған вә түрмиләргә ташланған.

**ОЙҒАН**

# Хәлқимизниң пажиәсигә беғишланған китап

Германиялик мухбир Филип Матеис уйғурларниң пажиәлирини асас қилип йезип чиққан «Бир хәлиқ йоқиливатиду» намлиқ китап йеқинда нәширдин




чиқип, зор ғулғула қозғиди.

«Франкфурт мәҗмуәси» гезитиниң 5-апрелдики «Ички мәсилә йоқ» намлиқ мақалисиға асасланғанда, бир мәзгил Хитайни тәтқиқ қилиш билән шуғулланған вә Хитайда мухбирлиқ қилған Германиялик қәләмкәш Филип Матеис өзиниң «Бир хәлиқ йоқиливатиду» намлиқ китавини 2022-жили пүтүрүп, йеқинда нәширдин чиқиришқа мувәппәқ болған.

Мақалида баян қилишичә, автор 2014-жилидин буян уйғур дияриға берип бақмиған. «Бир хәлиқ йоқиливатиду» намлиқ китапни у лагерь шаһидлиридин Зумрәт Давут, Абдусалам Муһәммәд, Меһригүл Турсун, Қәлбинур Сидиқ, Гулбаһар Җелилова вә Гулбаһар Хативаҗи қатарлиқларниң көчмишлиригә асаслинип һәмдә Адриян Зениз, Марайке Оилберг қатарлиқ Германиялик тәтқиқатчиларниң һөҗҗәтлиридин пайдилинип, шундақла Харалд Мас, Кристоф Гисен қатарлиқ мухбирларниң мәлуматлиридин үлгиләр елип йезип чиққан. Автор китапниң баш муқависидики «Бир хәлиқ йоқиливатиду» намлиқ мавзуниң астиға «Биз Хитайниң уйғурлар үстидин жүргүзиватқан ирқий қирғинчилиғиға қандақ қараватимиз» дегән қошумчә мавзуни қойған. Баш муқавидики «5-июль вақиәси» дәвригә аит сүрәт диққәтни тартиду.

Пешқәдәм уйғур сәясий затлиридин Әркин Алптекин әпәндиниң билдүришичә, Германия мәтбуатлирида елан қилиниватқан «Бир хәлиқ йоқиливатиду» намлиқ китапқа даир мақалиларда Ши Җинпиңниң «Нопусни әлалаштуруш» шуари астида уйғурлар үстидин «ирқий қирғинчилиқ» елип бериватқанлиғи илгири сүрүлгән. Д У Қ Берлин ишханисиниң мудири Ғәюр Қурбан әпәндиму бу китапниң тәсири һәққидә өз көз қарашлирини ипадә қилип өтти.

«Ички мәсилә йоқ» намлиқ мақалида баян қилишичә, мәзкур китапта җаза лагерлириниң қурулуши, бир qанчә йүз миңлиған уйғурларниң қамилиши, ата-анилири лагерларға соланған милиондин артуқ уйғур нарисидәләрни җиғивелип хитай қилип тәрбийәлинbackatқанлиғи, Ши Җинпиңниң «Йеңи йипәк йоли» қурулушида стратегиялик әһмийәткә егә болған уйғур дияриниң инсан тәсәввур қилғусиз пажиәләргә сәһнә болғанлиғи, шундақ болушиға қаримай, көплигән ғәрб демократик дөләтлириниң, пүтүн дунияниң бу пажиәләргә һелиһәм сүкүт қиливатқанлиғи һәм буниңдики сәвәбләр оттуриға қоюлған.

Мақалиларда тәкитлинишичә, бу китап «Уйғур сот коллегияси» тәминлигән һөҗҗәтләрни, җаза лагерлири вә тутқунларниң учурлириға аит нурғунлиған мәлуматларни күнтәртип һалитидә тизип чиққан болуп, «уйғур ирқий қирғинчилиғи» ни вә уйғурларниң нөвәттики вәзийитини чүшиништә муһим мәлумат амбири болуш ролини өтәйду.

**ӘКРӘМ**

# Д У Қ ниң Әнқәрәдики иптари



Д У Қ намида 13-апрель күни Әнқәрәдә өткүзүлгән иптарға әнқәрәдики һәр қайси университетларда оқуватқан 50 нәпәр оқуғучилар иштирак қилишти. Әнқәрәдики «Үрүмчи» ашханисида өткүзүлгән иптарға ДУҚниң муавин рәиси, стратегия мутәхәссиси, доктор Әркин Әкрәм қатнишип, ДУҚ рәиси Долкун Әйсаниң саламини йәткүзүш билән бирликтә оқуғучилардин һал сориди.

Бу, Түркийәдә Дуния уйғур курултейи уйғур оқуғучиларға бәргән тунҗи кетимлик иптар һесаплинидикән. Д У Қ вәхписи рәиси Абдулрешит Абдулхәмит әпәнди уйғур оқуғучиларға иптар зияпити уюштуруштики мәқсити һәққидә тохталди.

Хитай компартияси уйғур елидә «тәрбийәләш мәркизи» намида җаза лагерлири қуруп, балачақилири Түркийәдә оқуватқан уйғурларни лагерларға солаштин бурун, оқуғучиларниң көпи уйғур аммивий тәшкилатлириниң паалийәтлиригә иштирак қилмайтти. Әндиликтә болса уйғур оқуғучиларниң Д У Қ бәргән зияпәткә актив иштирак қилишидики сәвәбләр немә? Бу соалимизға Д У Қ муавин рәиси доктор Әркин Әкрәм мундақ җавап бәрди: «Уйғур оқуғучиларниң көпиниң қәлбидә вәтән туйғуси бар. Шуңа уларниң бу хил паалийәтләргә иштирак қилиши көңлидики виждан вә сөйгү билән мунасивәтлик дәп ойлаймән. Иккинчидин, бәзи оқуғучилар өз-ара тонушмайдикән, шуңа бу хил паалийәтләрдә өзара тонушуп мәсилиләрни бирликтә һәл қилиш, өзара һәмкарлишишқиму еһтияҗи бар. Уйғур оқуғучиларниң Д У Қ ниң иптариға иштирак қилиши мошу сәвәблардин дәп ойлаймән».

Иптар җәриянида бәзи оқуғучиларға микрофонимизни узаттуқ. Әнқәрә университетиниң оқуғучиси Маһирә Фаруқ ханим иптар зияпитигә иштирак қилғандин кейинки туйғулирини баян қилип мундақ деди: «Биз әнқәрәдә һәр хил кәсипләрдә оқуватқан 50 нәпәр оқуғучи, гөзәл вәтинимиз, ана туприғимиз Шәрқий Түркистандин айрилип яшаватқили алдимизға 15 жил, кәйнимизгә 7 жил болди. Биз илимсөйәр кәлгүсиниң үмүти болған яшлар, бәзилиримиз атаанилиримиздин, бәзилиримиз қан-қериндашлиримиз вә урук-туққанлиримиздин айрилдуқ. Вәтинимиздә уруктуққан, қолум-хошна вә дост-бурадәрлиримиз билән бирликтә иптар тамақлирини йәп өткәзгән күнлиримизни сеғиниватқан бүгүнки күндә бизни бир йәргә җәм қилип, иптар тамиғини бәргән, өзара тонушушимизға земин тәйярлап бәргән Дуния уйғур курултейиниң рәиси Долкун Әйса әпәндигә, Д У Қ ниң Әнқәрәдики рәһбәрлиригә вә Дуния уйғур курултейи вәхписи рәисигә көптин көп рәхмәт ейтимиз. Улуқ Аллаһ әң қисқа вақит ичидә мубарәк рамизан ейини әркин вәтинимиздә өткүзүшкә несип қилғай».

Әнқәрәдики Йилдирим Баязит университети, диний илимләр кәспиниң аспиранти Абдулхәмит Памир Д У Қ өткәзгән иптар зияпитиниң яхши өткәнлигини, оқуғучилар үчүн пайдилиқ болғанлиғини, Д У Қ қа рәхмәт ейтидиғанлиғини билдүрди.

Егилишимизчә, Түркийәдә икки миң бир йүз әтрапида уйғур алий мәктәп оқуғучилири бар болуп, булар оттузға йеқин университетларда оқуйду.

***ӘРКИН ТАРИМ***

# د ئۇ ق تېلېۋىزىيە خەۋەرلىرى

چەتئەللەردە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى 8 ـ ئاپرېل كۈنى شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازاتلىق ئارمىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 77 ـ يىللىقىنى چەكسىز غۇرۇر ۋە ئىپتىخارلىنىش تۇيغۇسى ئىچىدە خاتىرلەشتى.

1944 ـ يىلى 12 ـ نويابىر كۈنى غۇلجىدا قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى، 1945 ـ يىلى 8 ـ ئاپرېل كۈنى غۇلجا شەھرىدە مەخسۇس ھەربىي پارات ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىنىڭ مۇنتىزىم مىللىي ئارمىيەسىنىڭ رەسمىي قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىغان ئىدى.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بۇ مۇناسىۋەت بىلەن 8 ـ ئاپرېل ئېلان قىلغان ئاخباراتىدا، «1944 ـ يىلدىكى ئىككىنچى جۇمھۇرىيىتىمىزنى بارلىققا كەلتۈرگەن قەھرىمان ئەجدادلىرىمىزغا ۋە بۇ شەرەپلىك يولدا قۇربان بولغان پۈتۈن ئەزىز شەھىدلىرىمىزگە چوڭقۇر ھۆرمىتىمىزنى قايتا ئىزھار قىلىمىز، مىللىي ئارمىيە بايرىمىمىزغا مۇبارەك بولسۇن!

شۇنۇڭغا ئىشەنچىمىز كامىلكى، كۆرەشچان شەرقىي تۈركىستان خەلقى ھامان بىر كۈنى يەنە ئۆزىنىڭ مۇستەقىل جۇمھۇرىيىتىنى ۋە مىللىي ئارمىيەسىنى جەزمەن قۇرۇپ چىقىدۇ !» دەپ كۆرسەتتى.

ھەر يىللىق مىللىي ئارمىيە خاتىرە كۈنىدە ھاياتتا قالغان مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىمىزنى يوقلاپ ھال سوراش، ۋاپات بولغان مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىمىزنىڭ تۇپراق بېشىنى زىيارەت قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ روھىغا ئاتاپ قۇران ـ تىلاۋەت ئۆتكۈزۈشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇپ كەلگەن قىرغىزىستان ئۇيغۇرلىرى ئىتتىپاق جەمئىيىتى 8 ـ مارت كۈنى شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازاتلىق ئارمىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 77 ـ يىللىقى بىلەن بارىن ئىنقىلابىنىڭ 32 ـ يىللىقىنى بىرگە خاتىرلەش ئارقىلىق، ئوخشىمىغان دەۋرلەردە ئوخشاش غايە ئۈچۈن كۈرەش قىلغان ئەزىز شېھىتلىرىمىزغا بولغان چوڭقۇر ھۆرمىتىنى ئىزھار قىلىشتى.

شۇ كۈنى قىرغىزىستان ئۇيغۇرلىرى «ئىتتىپاق» جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئەسقەر قاسىمى، مۇئاۋىن رەئىسى ئەكبەرجان باۋدۇن، ئاقساقاللار كېڭىشىنىڭ رەئىسى مۇزەپپەرخان قۇربان، قىرغىزىستان ئۇيغۇرلىرى «ئىتتىپاق» جەمئىيىتىنىڭ باش يىگىت بېشى سىدىقجان يۈسۈپ خودجائېۋ، قىرغىزىستان «ئىتتىپاق» جەمئىيىتى ئاياللار كومىتېتىنىڭ رەئىسى تۇرسۇناي قاسىموۋا، نوۋو ـ پوكرووۋكا يېزىسىنىڭ يىگىتبېشى غەيرەت جاھانوۋ، «ئىتتىپاق» گېزىتىنىڭ باش مۇھەررىرى زۇمرەت ھاكىم روزى، لېبېدىنوۋكا يېزىسى ئاياللار كومىتېتىنىڭ رەئىسى كامىنۇر لاۋانوۋالاردىن تەركىب تاپقان ھال سوراش ھەيئىتى ئەينى چاغدىكى ۋە جەڭچىلىرى ئەڭ كۆپ يەرلەشكەن قازاقىستاندىكى ئۇيغۇر جامائىتىمۇ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ باش مەسلىھەتچىسى، پىشقەدەم كۈرەشچىمىز قەھرىمان غوجامبەردى ئەپەندىمنىڭ باشلامچىلىقىدا ۋاپات بولغان مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ تۇپراق بېشىنى زىيارەت قىلىش، مىللىي ئارمىيەمىزنىڭ تارىخى بايان قىلىنغان مەخسۇس خەۋەرنامە ھازىرلاپ تارقىتىش قاتارلىق پائالىيەتلەر ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازاتلىق ئارمىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 77 ـ يىللىقى بىلەن بارىن ئىنقىلابىنىڭ 32 ـ يىللىقىنى خاتىرلەشتى.



شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئارمىيەسىنىڭ جەڭچىسى، بۇ يىل 94 ياشقا كىرگەن غازىمىز ئابلىمىت بەكرى ئەپەندىنىڭ ئۆيىنى زىيارەت قىلىپ، ئۇنىڭدىن سەممىي ھال سورىدى ۋە ئۇنىڭغا قىرغىزىستاندىكى ئۇيغۇر جامائىتى نامىدىن سوۋغا تەقدىم قىلدى.

1946 ـ يىلى شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئارمىيەسى سېپىدە ماناس دەرياسى بويىدىكى مۇداپىيە جەڭگە قاتناشقان غازىمىز ئابلىمىت بەكرى ئەپەندى، مىللىي ئارمىيە ئوفتسېر ۋە جەڭچىلىرىمىزنىڭ ئەينى چاغدا كۆرسەتكەن باتۇرلۇقلىرىنى ھاياجانلىق ئىلكىدە ئەسلىتىپ ئۆتتى.

8 ـ ئاپرېل كۈنى يەنە قىرغىزىستان ئۇيغۇرلىرى ئىتتىپاق جەمئىيىتى جالال ـ ئاباد شۆبىسىنىڭ رەئىسى ئەلشىر ناسىراخۇنوۋ ئەپەندىمنىڭ رىياسەتچىلىكىدە جالال ـ ئاباد شەھرىدە شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازاتلىق ئارمىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 77 ـ يىللىقى بىلەن بارىن ئىنقىلابىنىڭ 32 ـ يىللىقىنى خاتىرلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلۈپ ئەزىز شېھىتلىرىمىزنىڭ روھىغا فاتىھا ئوقۇدى.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازاتلىق ئارمىيەسىنىڭ ئوفتسېر مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، ئىدارە ـ جەمىيەتتىكى ھەر ساھە كىشىلىرىدىن بولۇپ 10000 ئارتۇق ئادەم قاتناشقان ئىدى.

1945 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى غۇلجا شەھىرىدىكى تۇغ مەيدانىدا داغ ـ دۇغىلىق مۇراسىم ۋە ھەربىي پارات ئۆتكۈزۈلۈپ، شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازاتلىق ئارمىيەسى قۇرۇلغانلىقىنى جۇمھۇر رەئىسى ئېلىخان تۆرە تەن ـ تەنە بىلەن رەسمىي جاكارلىغان، مۇراسىمغا غۇلجىدا ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە ئېلىۋاتقان ئەسكەرلەردىن باشقا غۇلجا خەلقى،

ھەيۋەتلىك مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى رەت ـ رېتى بويىچە مارش دەسسەپ پاراتتىن ئۆتكەندە ھاياجانغا چۆمگەن غۇلجا خەلقى چاۋاك چېلىپ ئالقىش ياغدۇراتتى، ئۆزىنىڭ مۇنتىزىم ئارمىيەسىدىن پەخىرلىنىپ كۆز ـ ياشلىرىنى توختىتالمىدى. ئاي ـ يۇلتۇزلۇق كۆك بايراق، لوزۇنكىلار ھەممە ياقنى قاپلىدى.

بۇ كۈن پەقەت غۇلجا خەلقىنىلا ئەمەس بەلكى بارلىق شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ھاياجانغا سالدى. «شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازاتلىق ئارمىيەسىنىڭ قۇرۇلۇشى، بارلىق شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئازاتلىققا، ھۆرلۈككە، مۇستەقىللىققا تەشنا ئارزۇسىنى نامايەن قىلغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ زۇلۇمغا قارشى، تاجاۋۇزچىلارغا باش ئەگمەس قەتئىي ئىرادىسى ۋە كۆرەشچان جاسارىتىنى نامايەن قىلىپ، تارىختا ئۇنتۇلغۇسىز ئىزلارنى قالدۇردى.

DUQ.TV
11.04.2022

گېرمانىيەلىك ئۇيغۇر دوستى ياش ژۇرنالىست فىلىپ ماتايىس ئەپەندىم تەرىپىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ پاجىئەلىرى ئاساس قىلىنىپ يېزىپ چىقىلغان «بىر خەلق يوقىلىۋاتىدۇ» ناملىق كىتاب يېقىندا نەشىردىن چىقىپ گېرمانىيە مەتبۇئاتلىرىدا زور غۇلغۇلا قوزغىدى.

"فرانكفۇرت مەجمۇئەسى" گېزىتىنىڭ بۇ ھەقتىكى ماقالىسىغا ئاساسلانغاندا، بىر مەزگىل خىتايىنى تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان ۋە خىتايدا مۇخبىرلىق قىلغان گېرمانىيەلىك قەلەمكەش فىلىپ ماتايىس ئۆزىنىڭ "بىر خەلق يوقىلىۋاتىدۇ" ناملىق كىتابىنى 2022 ـ يىلى پۈتتۈرۈپ، يېقىندا نەشىردىن چىقىرىشقا مۇۋەپپەق بولغان.

ماقالىدە بايان قىلىنىشىچە، ئاپتور 2014 ـ يىلىدىن بۇيان شەرقىي تۈركىستانغا بېرىپ باقمىغان. «بىر خەلق يوقىلىۋاتىدۇ» ناملىق كىتابىنى ئۇ لاگېر شاھىدلىرىدىن زۇمرەت داۋۇت، ئابدۇسالام مۇھەممەد، مېھرىگۈل تۇرسۇن، قەلبىنۇر سىدىق، گۈلباھار جېلىلوۋا ۋە گۈلباھار خاتىۋاجى قاتارلىقلارنىڭ كەچمىشلىرىگە ئاساسلىنىپ ھەمدە ئادرىيان زېنز، مارايكې ئوھلبېرگ قاتارلىق گېرمانىيەلىك تەتقىقاتچىلارنىڭ ھۆججەتلىرىدىن پايدىلىنىپ، شۇنداقلا ھارالد ماس، كىرىستوف گىسېن قاتارلىق مۇخبىرلارنىڭ مەلۇماتلىرىدىن ئۆلگىلەر ئېلىپ يېزىپ چىققان. ئاپتور كىتابىنىڭ باش مۇقاۋىسىدىكى "بىر خەلق يوقىلىۋاتىدۇ" ناملىق ماۋزۇنىڭ ئاستىغا «بىز خىتاينىڭ ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن يۈرگۈزۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقىغا قانداق قاراۋاتىمىز» دېگەن قوشۇمچە ماۋزۇنى قويغان. باش مۇقاۋىدىكى «5 ـ ئىيۇل ۋەقەسى» دەۋرىگە ئائىت سۈرەت دىققەتنى تارتىدۇ.

مەزكۇر كىتابتا جازا لاگېرلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى، بىر قانچە يۈزمىڭلىغان ئۇيغۇرلارنىڭ قاملىشى، ئاتا ـ ئانىلىرى لاگېرلارغا سولانغان مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇر نارىسىدەلەرنىڭ يىغىۋېلىنىپ خىتاي قىلىپ تەربىيەلىنىۋاتقانلىقى، شى جىنپىڭنىڭ "يېڭى يىپەك يولى" قۇرۇلۇشىدا ئىستراتېگىيەلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىنسان تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز پاجىئەلەرگە سەھنە بولغانلىقى، شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، كۆپلىگەن غەرب دېموكراتىك دۆلەتلىرىنىڭ، پۈتۈن دۇنيانىڭ بۇ پاجىئەلەرگە ھېلىھەم سۈكۈت قىلىۋاتقانلىقى ھەم بۇنىڭدىكى سەۋەبلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

بۇ كىتاب «ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى» تەمىنلىگەن ھۆججەتلەرنى، جازا لاگېلىرى ۋە تۇتقۇنلارنىڭ ئۇچۇرلىرىغا ئائىت نۇرغۇنلىغان مەلۇماتلارنى كۆنتەرتىپ ھالىتىدە تىزىپ چىققان بولۇپ، «ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقى» نى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتىنى چۈشىنىشتە مۇھىم مەلۇمات ئامبىرى بولۇش رولىنى ئۆتەيدىكەن.

DUQ.TV
11.04.2022

24 ـ مارتتىن ئېتىبارەن ئامېرىكىدا خىزمەت زىيارىتىدە بولۇۋاتقان دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسا ئەپەندىم، 3 ھەپتە داۋام قىلغان زىيارىتىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى قۇرۇلتاي ئىجراھىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى ئۆمەر قانات ئەپەندىمنىڭ ھەمراھلىقىدا كالىفورنىيەنى زىيارەت قىلىپ مەزكۇر شتاتتا ياشاۋاتقان بىر قىسىم ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇچرىشىپ سۆھبەت ئېلىپ باردى ۋە ئۇلارغا قۇرۇلتاينىڭ خەلقئار سەھنىلەردە ئېلىپ بېرىۋاتقان پائالىيەتلىرى ۋە قۇرۇلتاي تەرىپىدىن بۇيىل 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرى گېرمانىيەنىڭ مىيونخېن شەھرىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان 2 ـ نۆۋەتلىك شەرقىي تۈركىستان مىللىي كېڭىشى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات ۋە چۈشەنچە بېرىش بىلەن بىرگە، كالىفورنىيەدە ياشاۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قۇرۇلتاي ھەققىدىكى ھەرخىل سوئاللىرىغا ئەستايىدىللىق بىلەن جاۋاپ بەردى.

ئامېرىكىدىكى 3 ھەپتىلىك خىزمەت زىيارىتى جەريانىدا ئالدى بىلەن ئامېرىكىنىڭ پايتەختى ۋاشىنگتوندا چاقىرىلغان ۋە قىسقارتىلغان نامى ئۇنپو دەپ ئاتالغان «ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتى» نىڭ 16 ـ قېتىملىق ئومۇمىي يىغىنىغا قاتناشقان دولقۇن ئەيسا ئەپەندىم، ئارقىدىن قۇرۇلتاينىڭ ئامېرىكىدىكى رەھبەرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ يېڭىدىن تەيىنلەنگەن دىنىي ئەركىنلىك ئالاھىدە ۋەكىلى راشاد ھۈسسائىن، ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ دېموكراتىيە، كىشىلىك ھوقۇق ۋە ئەمگەك مەسىلىلىرىگە مۇناسىۋەتلىك مۇۋەققەت ياردەمچى مىنىستىرى لىزا پېتېرسون، ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ شەرقىي ئاسىيا ۋە تېنچ ئوكيان ئىشلىرىغا مەسئۇل مۇئاۋىن مىنىستىرى رىك ۋاتەرس، ئاقساراي بىخەتەرلىك كومىتېتىنىڭ مەسئۇل خادىملىرى، ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسىنىڭ ئەزاسى يوڭ كىم، ئاۋام پالاتا ئەزاسى جېيمس مككاۋېرن، ئامېرىكا دىنىي ئەركىنلىك ئالاھىدە ئەلچىسى سام بىروۋنبەك، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى




ئەزاسى كىرىستوفېر سىمىس، ئامېرىكانىڭ سابىق دۆلەت خەۋپسىزلىگى مەسلىھەتچىسى مەت پوتتىنگېر، ئامېرىكانىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىكى سابىق خەلقئارا ئاياللار مەسىلىلىرى بويىچە باش ئەلچىسى كېللىي كۇرىي، ئامېرىكىدا زىيارەتتە بولۇۋاتقان ئەنگلىيە پارلامېنتىنىڭ ئەزاسى نۇسرەت غەنى خانىم، ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ ئەزاسى ۋە شۇنداقلا گېرمانىيە يېشىللار پارتىيەسىنىڭ ئەزاسى رېينخارد بۇتىكوفېر، ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان «ئىرقىي قىرغىنچىلىقى» نى ۋە «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكى» مەسىلىسىنى دۇنياغا ئاشكارىلاشتا ھالقىلىق رول ئوينىغان كوممۇنىزم قۇربانلىرى خاتىرە سارىيى فوندىنىڭ تەتقىقاتچىسى ئادرىيان زېنز قاتارلىقلار بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىپ شەرقىي تۈركىستان ۋە ئۇيغۇرلار مەسىلىسى ھەققىدە سۆھبەت ئېلىپ بېرىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى.

بۇ جەرياندا يەنە تەكساسنى زىيارەت قىلىپ ئۇ يەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر جامائىتى بىلەن ئۇچرىشىش ئېلىپ بارغان دولقۇن ئەيسا ئەپەندىم، قۇرۇلتاينىڭ ئامېرىكىدىكى رەھبەرلىرى بىلەن بىرلىكتە نۆۋەتتە ئامېرىكىدا ياشاپ تۇرۇۋاتقان جەسۇر لاگېر شاھىدلىرىمىز ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە مەخسۇس ئىپتار بېرىپ ئۇلارغا شەرقىي تۈركىستان خەلقى نامىدىن تەكرار مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

DUQ.TV
11.04.2022

Хитайниң түрлүк тосқунлуқлириға қаримастин, 14 – апрельда башлиған Малайзия зияритини муваппәқийәтлик ахирлаштуруп, 17 – апрель күни дунияниң әң чоң мусулман дөлити Индонезиягә йетип кәлгән дуния уйғур қурултейи Ижраһийә комитетиниң рәиси вә Уйғур кишилик һоқуқ қурулушиниң директори Өмәр Қанат әпәндим 18 – апрель күни Индонезияниң пайтәхти Жакарта шәһиридә бир қатар муһим учрушуш вә сөһбәтләрдә болди.

Өмәр Қанат әпәндим 18 – апрель күни алди билән Индонезия парламенти Парламентлар ара һәмкарлиқ комитетиниң рәиси вә Индонезия парламентиниң сабиқ рәиси доктор Фадли Зон әпәндим билән көрүшүп, униңға уйғурларниң нөвәттики вәзийити, шундақла уйғур иркий қирғинчилиғиниң хәлиқарадики инкаслири һәққидә тәпсилий мәлумат бериш билән биргә, Дуния уйғур




қурултейиниң Индонезия парламенти вә һөкүмитидин күтидиған бәзи конкретлиқ тәләплирини оттуриға қойди. Доктор Фадли Зон әпәндим учрушушта қилған сөзидә уйғур иркий қирғинчилиғи мәсилисини Индонезия парламентиниң күнтәртивигә елип келиш вә Индонезия һөкүмитиниң уйғур иркий қирғинчилиғини тосуп қелиш үчүн Хитайға қарши җиддий тәдбир қоллунушқа һәйдәкчилик қилиш үчүн пүтүн күчи билән тиришчанлиқ көрсүтүдиғанлиғини ипадә қилди.

Шу күни Өмәр Қанат әпәндим йәнә Индонезия Өлималар кеңиши билән Индонезиядики әң нопуслуқ мусулман тәшкилати һесапланған Муһаммадия тәшкилати Мәркизий кеңишиниң алий мәслиһәтчиси Муһийдин Җунаиди әпәндим тәрипидин орунлаштурулған мәхсус уйғурлар мәсилиси һәққидики мухбирларни күтүвелиш жиғиниға вә иптар зияпитигә қатнишип, Индонезия мәтбуатлириниң вә иптарға қатнашқан һәр саһә затлириниң Шәрқий Түркистан вә уйғурлар мәсилиси һәққидә сориған түрлүк соаллириға жавап бәрди.

Өмәр Қанат әпәндим бу һәқтә қилған сөзидә, исламийәтниң әң зор дүшмини һесапланған мустәбит Хитай һакимийитиниң Шәрқий Түркистан хәлқи үстидин жүргүзиватқан иркий қирғинчилиғиниң һазирму һәм җиддий давам қиливатқанлиғини, Хитайниң елип бериватқан иркий қирғинчилиғи вә инсанийәткә қарши жинайәтлириниң Лондонда қурулған Уйғур сот коллегияси тәрипидинму қануний тәртипләр бойичә рәсмий дәлилләп чиқилғанлиғини, уйғур иркий қирғинчилиғиниң Америка, Канада, Голландия, Англия, Бельгия, Франция, Ирландия, Чехия вә Литва қатарлиқ 9 дөләт тәрипидин рәсмий йосунда етирап қилинғанлиғини, әпсуски, ислам әллириниң һәммисиниң дегидәк




уйғур иркий қирғинчилиғи мәсилисидә сүкүт қилип турувелиш позициясидә болуп кәлгәнлигини тәкитләп өтүш билән биргә, ислам әллириниң бу хил пассив позициясиниң мусулман Шәрқий Түркистан хәлқини еғир дәрижидә рәнжиткәнлигини, шуниң үчүн Индонезия вә башқа ислам әллиридики диний тәшкилатлар вә аммивий группиларниң уйғур иркий қирғинчилиғини тосуп қелиш үчүн өзлириниң һөкүмәт вә парламентлириға болған бесимини йәниму ашурушниң толиму зөрүр екәнлигини билдүрди.

Бу паалийәткә саһипханлиқ қилған Муһийдин Җунаиди әпәндим 2018 – жили Хитай һөкүмитиниң тәкливи билән Шәрқий Түркистанни зиярәт қилған Индонезия һәйъитиниң рәиси болған, шу қетимқи зиярәт мәзгилидиму Хитай һөкүмити Шәрқий Түркистанда сахта мәнзириләрни алдин ясап чиқиш арқилиқ Индонезия һәйъитиниң көзини бояшқа урунған еди.

Өмәр Қанат әпәндим 18 – апрель күни йәнә Жакартидики әң чоң мечит һесапланған Истиқлал мечитиниң баш имами доктор Насаруддин Умар әпәндим вә униң ярдәмчилири биләнму учрушуш елип берип, уларға уйғур иркий қирғинчилиғи һәққидә тәпсилий мәлумат бериш имканийитигә еришти.

Өмәр Қанат әпәндим шу күни йәнә Америкининң Жакартидики баш әлчиханисиниң мәсъул хадимлири билән айрим учрушуш елип берип уйғур мәсилисиниң Индонезиядики йүзлүнүши һәққидә сөһбәт елип барди.

19 – апрель күни әтигәндә Жакартидики «Муһәммадийәһ» телевизийәси ниң мәхсус зияритини қобул қилип, Шәрқий Түркистан вә уйғурлар мәсилиси, жүмлидин уйғур иркий қирғинчилиғи һәққидә умумий мәлумат бәргән Өмәр Қанат әпәндим, арқидинла Индонезия вә Малайзиядики ислам тәшкилатлири тәрипидин Жакартида бирликтә уюштурулған уйғур иркий қирғинчилиғи һәққидики муһакимә жиғиниға қатнишип доклад бәрди.

Бу қетимқи жиғинға Малайзия ислам тәшкилатлири мәслиһәтчиләр кеңишиниң мәсъули Фадһил Юсни әпәндимниңму Куала-Лумпурдин атайитән Жакартиға келип қатнишиши Өмәр Қанат әпәндимни алаһидә мәмнун қилди.

Өмәр Қанат әпәндимниң бу қетимқи Индонезия зиярити Индонезияниң нопуслуқ мәтбуатлиридиму кәң даиридә орун алди.

Дунияниң әң чоң мусулман дөлити һесапланған Индонезиядә 216 миллион мусулманлар яшайду вә нопусиниң 90% мусулманлардин тәшкил тапқан.

DUQ.TV
19.04.2022

---

Дуния уйғур қурултейи вә Германиядики уйғур тәшкилатлири һәм уйғур җамаәтлири мубарәк Рамазан ейи киргәндин буян мәхсус иптар паалийәтлирини уюштуруш арқилиқ һәркайси динларға мәнсуп тәшкилатларға, сәясий партияләр вә һөкүмәт мәсъуллириға, шундақла һәркайси кишилик һоқуқ вә аммивий тәшкилатларниң вәкиллиригә уйғур иркий қирғинчилиғи һәққидә мәлумат беришни давамлаштуруп кәлмәктә.

Дуния уйғур қурултейи 15 – апрель, жүмә күни Гәрманияниң Кёльн шәһиридә «Инсанлиқниң қаниған яриси Шәрқий Түркистан» дегән тема астида чоң типтики иптар паалийити уюштуруп, узун жиллардин буян Дуния уйғур қурултейи билән йеқиндин һәмкарлишип Шәрқий Түркистан давасини маддий вә мәнивий җәһәттин йеқиндин қоллап кәлгән Германиядики түрк – ислам тәшкилатлириға миннәтдарлиқ билдүрүш билән биргә, уларға мустәбит Хитай һакимийитиниң Шәрқий Түркистан хәлқи үстидин жүргүзиватқан иркий қирғинчилиғи вә исламийәткә қарши елип бериватқан җинайий қилмишлири һәққидә тәпсилий мәлумат вә чүшәнчә бәргән еди.




18 – апрель күни Европа Шәрқий Түркистан бирлиги тәшкилати Германияниң Мюнхен шәһиридики Мәһмәт Акиф җамисида чоң типтики иптар паалийитини өткүзүп, уйғурлар мәсилисигә көңүл бөлүп кәлгән һәр саһә затлириға Шәрқий Түркистан хәлқи намидин қайта рәхмәт ейтиш билән биргә,уларға уйғур иркий қирғинчилиғи һәққидә мәлумат бәрди.

Европа - Шәрқий Түркистан бирлиги тәшкилатиниң рәиси Әсқәрҗан әпәндимниң беваситә риясәтчилик вә ечилиш нутқи билән башланған бу қетимқи иптар паалийитигә Мюнхен шәһири вә униң әтрапидики түрк – ислам тәшкилатлириниң мәсъуллири, Германияниң христиан, евангелист бирләшмилириниң мәсъуллири, Мюнхен шәһири чәт әлликләр мәжилисиниң мәъсуллири, шәһәрлик һөкүмәтниң мәсъул хадимлири вә башқа аммивий тәшкилатларниң вәкиллири һәм Мюнхен шәһиридә яшаватқан уйғурлардин болуп 150 нәпәрдин артуқ киши қатнашти.

Жиғинда сөз қилған меһманлар Россияниң Украиниға қилған таҗавузи сәвәплик, уйғур иркий қирғинчилиғи мәсилисиниң һәргизму хәлиқараниң күнтәртивидин чүшүп қалмаслиғи лазимлиғини алаһидә тәкитләшти.

Болупму Мюнхен шәһәрлик һөкүмитиниң вәкили Мариан Оффман, Германия христиан, евангелист бирләшмәсиниң мәсъули Сусанна Один, Мюнхен шәһәрлик чәт әлликләр мәжилисиниң рәиси Димитрина Лаң қатарлиқларниң иптарда қилған сөзлиридә мустәбит Хитай һакимийитиниң Шәрқий Түркистанда уйғурларни асас қилған йәрлик хәлиқләргә жүргүзиватқан иркий қирғинчилиғи вә инсанийәткә қарши жинайәтлирини қаттиқ әйипләш билән биргә, Хитай һөкүмитини бу хил жинайи қилмишлирини дәрһал тохтутушқа, Германия һөкүмитиниму уйғур иркий қирғинчилиғини тосуп қелиш үчүн Хитайға қарши күчлүк инкас қайтурушқа чақирди.

Униңдин башқа, йәнә 16 – апрель, шәнбә күни Дуния уйғур қурултейи Ижраһийә комитетиниң муавин рәиси Турғунжан Алавудун әпәндим Европа-түрк федерация тәрипидин өткүзүлгән иптар паалийитигә алаһидә тәклип билән қатнишип, уйғур иркий қирғинчилиғи һәққидә доклад бәргән.

Дуния уйғур қурултейиниң Германиядики вәкили Абдушүкүр әпәндим башламчилиқ қиливатқан «Баден Вюртенберг мәшрәп җамаити» Босния җамаити тәрипидин Карлсруә шәһиридә өткүзүлгән иптар паалийитигә қатнишип уларға уйғур иркий қирғинчилиғи һәққидә мәлумат бәргән.

DUQ.TV
19.04.2022

# د ئۇ ق تېلېۋىزىيە خەۋەرلىرى

بىرلەشكەن دۆۋلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ھىمايىسىدە ۋە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان 25 كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتىنىڭ سپونسورلۇقىدا 5 ـ ئاپرىلدىن 6 ـ ئاپرىلغىچە جەنۋەدىكى خەلقئارا كونفرانس مەركىزىدە ئۆتكۈزۈلگەن 2022 ـ يىللىق جەنۋە كىشىلىك ھوقۇق ۋە دېموكراتىيە مۇنبىرى يىغىنىغا قاتناشقان ئۇيغۇر ھەرىكىتى تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى روشەن ئابباس خانىم ۋە ئۇنىڭ يولدىشى ئامېرىكا ئۇيغۇر تەتقىقات مەركىزىنىڭ مۇدىرى ئابدۇلھاكىم ئىدرىس ئەپەندى، 8 ـ



مارت كۈنى يەنە ئامېرىكىنىڭ جەنۋەدىكى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا تۇرۇشلۇق ئالاھىدە ئەلچىسىنىڭ ئۈيۈشتۇرۇشى بىلەن ئامېرىكىنىڭ جەنۋەدىكى باش ئەلچىخانىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئۇيغۇرلار مەسىلىسى ھەققىدىكى يۇمۇلاق ئۈستەل يىغىنىغا قاتنىشىپ، 10غا يېقىن دۆلەتنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان دىپلوماتلىرىغا خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىغى ھەققىدە تەپسىلى مەلۇمات بەردى.

روشەن ئابباس خانىم يۇمۇلاق ئۈستەل يىغىنىدا ئالدى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى ئېغىر ۋەزىيىتى، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتى ۋە دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەللەرنىڭ بۇنىڭغا بولغان پوزىتسىيەسى ۋە تەدبىرلىرى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىش بىلەن بىرگە، بۇنىڭدىن كېيىن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ بۇ ھەقتە نېمىلەرنى قىلىشى كېرەكلىكى توغرىسىدىكى تەلەپلىرىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتى.

روشەن ئابباس خانىم سۆزىدە بولۇپمۇ ئاتالمىش ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى كومپارتىيەسىنىڭ باش سېكرېتارى چېن چۈەنگونىڭ ئورنىغا ما شىڭرۈي كەلگەندىن كېيىنمۇ ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتتى.

يۇمۇلاق ئۈستەل يىغىنىدا روشەن ئابباس خانىم ۋە ئابدۇلھاكىم ئىدرىس ئەپەندى يىغىنغا قاتناشقان ھەرقايسى ئەللەرنىڭ دىپلوماتلىرىنىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى تۈرلۈك سوئاللىرىغا جاۋاپ بېرىش بىلەن بىرگە، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارلىغىنىڭ ئۇيغۇرلار توغرىسىدا ئۆتكەن يىلى ئېلان قىلىشقا تېگىشلىك بولغان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىگى توغرىسىدىكى دوكلاتىنىڭ تېخىغىچە ئېلان قىلىنمىغانلىغىدىن ئەپسۇسلانغانلىغىنى ئىپادە قىلىشتى.

روشەن ئابباس خانىم ۋە ئابدۇلھاكىم ئىدرىس ئەپەندى بۇ قېتىمقى جەنۋە زىيارىتى جەريانىدا يەنە جەنۋە شەھىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورگانلار ۋە خەلقئارالىق كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ مەسئۇللىرى بىلەنمۇ كۆرۈشۈپ، بۇندىن كېيىن قانداق ھەمكارلىشىش توغرىسىدا مۇزاكىرە ئېلىپ باردى.

بولۇپمۇ روشەن ئابباس خانىمنىڭ 6 ـ ئاپرىل كۈنى 2022 ـ يىللىق جەنۋە كىشىلىك ھوقوق ۋە دېموكراتىيە مۇنبىرى يىغىنىدا قىلغان سۆزى يىغىن ئەھلىنىڭ كۈچلۈك ئالقىشلىرىغا سازاۋەر بولۇپلا قالماي، بىرقىسىم غەرب مەتبۇئاتلىرىنىڭمۇ دىققىتىنى جەلپ قىلغان، فرانسىيەدىكى بەزى مۇھىم ئاخبارات قانالىرى ئۆز سەھىپىلىرىدە ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئالاھىدە ئورۇن بەرگەن ئىدى.

روشەن ئابباس خانىم مەزكۇر يىغىندا قىلغان نۇتقىدا، ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارى مىچەللە باچەلەت خانىمنىڭ ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كېڭىشى تەرىپىدىن ئاللىبۇرۇن ھازىرلاپ بولۇنغان ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىغى ھەققىدىكى تەكشۈرۈش دوكلاتىنى تاكى ھازىرغىچە كېچىكتۈرۈپ ئېلان قىلمىغانلىغىنى قاتتىق تەنقىتلەش بىلەن بىرگە، «مىچەللە باچەلەت خانىم، سىزنى خىتاي كونتۇرول قىلىۋالدىمۇ قانداق ؟» دەپ سوئال قويغان ئىدى.

فرانسىيەنىڭ دۇنيادىكى ھەر تۈرلۈك جىددىي مەسىلىلەرنى ئاساسلىق خەۋەر قىلىپ تارقىتىدىغان «فرانسىيە 24» ناملىق خەلقئارالىق تېلېۋىزىيە قانىلى 7 ـ ئاپرىل كۈنى ئۆز سەھىپىلىرىدە «ئۇيغۇر ھەرىكىتى: ب د ت نىڭ خىتايغا تۇتقان پاسسىپ پوزىتسىيەسى كىشىنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدۇ» ناملىق بىر ماقالە ئېلان قىلغان. ماقالىدە روشەن ئابباسنىڭ ب د ت قىلغان سۆزلىرىدىكى بەزى كەسكىن ئىبارىلەرنى نەقىل كەلتۈرۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ب د ت دىن قاتتىق ئۈمىدسىزلەنگەنلىگىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

ماقالە «داڭلىق بىر كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىسى ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ مەسئۇلىنى ئۇيغۇرلار ئۇچراۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى توسۇپ قىلىشتا ئىنتايىن مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلدى، دەپ ئەيىبلىدى. ب د ت نى ئاللىبۇرۇن ھازىرلاپ بولغان ئۇيغۇرلارغا ئائىت ئۇزۇن سەھىپىلىك دوكلاتنى دەرھال ئېلان قىلىشنى تەلەپ قىلدى" دېگەن جۈملە بىلەن باشلانغان. ئاندىن روشەن ئابباسنىڭ «مەن ئۇنىڭدىن ئىنتايىن ئۈمىدسىزلەندىم، شەرقىي تۈركىستاندا ھازىرمۇ ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈز بېرىۋاتىدۇ، ئىرقىي قىرغىنچىلىق مەسىلىسىدە بىتەرەپلىك دېگەن نەرسە مەۋجۇت ئەمەس»، دېگەن ئىبارىسىنى تەكىتلىگەن.

ماقالىنىڭ «ئۇ نېمىنى ساقلاۋاتىدۇ؟» ناملىق بۆلۈكىدە، ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ مەسئۇلى مىشېل باچېلېتنىڭ ئۆتكەن يىلى ئاۋغۇست ئايلىرىدا پۈتۈپ بولغان ئۇيغۇرلارغا ئائىت دوكلاتنى خىتاينىڭ توسقۇنلىغى سەۋەبلىك ھازىرغا قەدەر ئېلان قىلالمىغانلىغى، بۇنىڭغا بۇ يىل 5 ـ ئايدا شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بارىدىغان زىيارىتىنى باھانە قىلىپ كۆرسەتكەنلىگى ئىزاھلانغان بولۇپ، روشەن ئابباسنىڭ "بۇ دوكلات مىشېل باچېلېتنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلىشىدىنمۇ مۇھىم، ئۇنىڭدا ئۇيغۇرلار ئۇچراۋاتقان زۇلۇملارغا دائىر نۇرغۇن دەلىل ـ ئىسپاتلار بار. ئۇنىڭ زىيارىتى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن پايدىلىق ئەمەس، بەلكى زور دەرىجىدە زىيانلىق، چۈنكى خىتاي يالغان سەھنە ياساپ ئۇنى ئالدايدۇ، ئۆز تەشۋىقاتلىرىغا دەسمايە قىلىۋالىدۇ»، دېگەنلىگى ئەسكەرتىلگەن.

DUQ.TV
12.04.2022

شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنىڭ تۈركىيەدە تونۇلۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن ئۇزۇن يىللىق پىداكار كۈرەشچىمىز ۋە ئىقتىدارلىق تەتقىقاتچىمىز، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ تۈركىيەدىكى باياناتچىسى، ئەنقەرە ئۇنىۋەرسىتېتى تىل، تارىخ ۋە جۇغراپىيە فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى دوتسېنت دوكتۇر ئەركىن ئەمەت ئەپەندىمنىڭ 14 ـ ئاپرىل كۈنى مەزكۇر ئۇنىۋەرسىتەت باھالاش ھەيئىتى تەرىپىدىن پروفېسسورلۇققا ئۆستۈرۈلگەنلىگى مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنى ئالاھىدە مەمنۇن قىلدى.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسا ئەپەندىم بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئىستانسىمىزغا قىلغان تەبرىك سۆزىدە ئەلگە تونۇلغان ۋەتەنپەرۋەر ئۇيغۇر زىيالىسى ئەركىن ئەمەت ئەپەندىمنىڭ پروفېسسورلۇققا ئۆستۈرۈلگەنلىگىدىن چەكسىز غۇرۇر ۋە ئىپتىخارلىنىش تۇيغانلىغىنى ئىپادە قىلىش بىلەن بىرگە، پروفېسسور دوكتۇر ئەركىن ئەمەت ئەپەندىمنىڭ چەتئەلگە چىققاندىن بۇيان تۈرلۈك بېسىم ۋە ھۇجۇملارغا پىسەنت قىلماي مىللىي ھەرىكىتىمىزنىڭ ئالدىنقى سېپىدىن پىداكارلىق بىلەن ئىزچىل ئورۇن ئېلىپ مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر زىيالىلىرىمىزغا ئۈلگە يارىتىپ بەرگەنلىگىنى ۋە ئۇيغۇر زىيالىلىرىنىڭ مىللىي داۋايىمىزغا قاتنىشىش ئاكتىپچانلىغىنىڭ تېخىمۇ ئېشىشىغا تۈركى بولۇپ كەلگەنلىگىنى تەكىتلەپ ئۆتتى.

پروفېسسور دوكتۇر ئەركىن ئەمەت ئەپەندىم دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى قۇرۇلغان 2004 ـ يىلىدىن بۇيان ھەر نۆۋەتلىك قۇرۇلتايلارغا ئارقا ـ ئارقىدىن تۈركىيە ۋەكىلى بولۇپ قاتناشتى ۋە قۇرۇلتايدا ئۇزۇن يىل مۇھىم ۋەزىپىلەردە بولۇپ خىزمەت قىلدى، ئۇندىن باشقا ئۇ يەنە كۆپ يىللاردىن بۇيان ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىنىڭ ئىختىيارى مۇخبىرلىق ۋەزىپىسىنىمۇ قوشۇمچە ئۆتۈپ كەلمەكتە.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ تەشكىلىي




خىزمەتلىرىگە مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسى پەرھات يورۇڭقاش ئەپەندىمنىڭ ئىستانسىمىزغا بىلدۈرۈشىچە، نۆۋەتتە قۇرۇلتاي رەھبەرلىرى ئىچىدە 2 نەپىرى پروفېسسورلۇق، بىر نەپىرى دوتسېنتلىق، 5 نەپىرى دوكتۇرلۇق ۋە 10 نەپىرىدىن كۆپرەگى ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئىگە بولۇپ، قۇرۇلتاي رەھبەرلىرىنىڭ 95 پىرونسېنتىدىن كۆپرەگى ئالىي مەكتەپ سەۋىيەسىگە ئىگە.

DUQ.TV
15.04.2022



دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى ۋە ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشىنىڭ دىرېكتورى ئۆمەر قانات ئەپەندىمنىڭ مالايسىيادىكى نوپۇزلۇق ئىسلام تەشكىلاتلىرى ۋە ئاممىۋى گۇرۇپپىلارنىڭ ئالاھىدە تەكلىپى بىلەن 14 ـ ئاپرىل باشلىغان مالايسىيا زىيارىتى كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى.

ئۆمەر قانات ئەپەندىمنىڭ بۇ قېتىمقى مالايسىيا زىيارىتىدىن ئالدىن خەۋەر تاپقان مالايسىيادىكى خىتايپەرەس گېزىتلەردىن «كوۋەراگە» گېزىتى 13 ـ ئاپرىل كۈنى «ئافغانىستان ۋە ئىراقنى ۋەيران قىلغان ئىسلامنىڭ ھەقىقى دۈشمىنى ئامېرىكىنىڭ سىردىشى ئۆمەر قاناتنىڭ مالايسىياغا كىرىشىنى توسۇپ قالايلى» دېگەن ماۋزۇدا باشماقالە ئېلان قىلىپ ئۆمەر قانات ئەپەندىمگە تەلۋىلەرچە ھۇجۇم قىلىش بىلەن بىرگە، مالايسىيا ھۆكۈمىتىنى ئۆمەر قاناتنىڭ مالايسىياغا كىرىشىنى چەكلەشكە چاقىردى.

شۇنداق بولۇشىغا قارىماي 14 ـ ئاپرىل كۈنى مالايسىيانىڭ پايتەختى كۇئالالۇمپۇرغا توسالغۇسىز يېتىپ كەلگەن ئۆمەر قانات ئەپەندىم، ئايرودرومدا مالايسىيا ئۇيغۇرلارنى قوللاش ھەرىكىتىنىڭ رەئىسى زۆھرى يۇھيى ۋە مالايسىيا ئىسلام تەشكىلاتلىرى مەسلىھەتچىلەر كېڭىشىنىڭ ۋەكىللىرى تەرىپىدىن قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈۋېلىندى.

شۇ كۈنى كەچتە مالايسىيادىكى تەسىرى كۈچلۈك ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ بىرى ھىساپلانغان ۋاقىق تەشكىلاتى تەرىپىدىن كۇئالالۇمپۇر تەنەرا مېھمانخانىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن ۋە مەخسۇس ئۇيغۇرلار مەسىلىسى ئاساسى تېما قىلىنغان ئىپتار پائالىيىتىگە قاتناشقان ئۆمەر قانات ئەپەندىم، ئىپتارغا تەكلىپ قىلىنغان مالايسىيادىكى ھەر ساھە زاتلىرىنىڭ ۋە ياش ئاكتىۋىستلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ۋە ئۇيغۇرلار مەسىلىسى ھەققىدە سورىغان تۈرلۈك سوئاللىرىغا تەپسىلى جاۋاپ بەردى.

ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىغىنى توسۇپ قىلىش ئۈچۈن خىتايغا قارشى ھەرىكەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ۋە ئۇيغۇر خەلقئاراغا يېقىندىن ھېسداشلىق قىلىپ كېلىۋاتقان مالايسىيادىكى ھەرقايسى ئىسلام تەشكىلاتلىرى، ئاممىۋى تەشكىلاتلار ۋە ئاكتىۋىستلارغا پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان خەلقى نامىدىن ئالاھىدە رەھمەت ئېيتقان ئۆمەر قانات ئەپەندىم، مۇستەبىت خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىغە يۈرگۈزىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىغى ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىنىڭ، بولۇپمۇ ئىسلامىيەتكە قارشى ئېلىپ بېرىۋاتقان زىيانكەشلىكلىرىنىڭ ھازىرمۇ ھەم شىددەت بىلەن داۋام قىلىۋاتقانلىغىنى، ئىسلامىيەتنىڭ ئەڭ زور دۈشمىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى مەجبۇرى دىنسىزلاشتۇرۇۋاتقان، مەسچىت ۋە مازارلىقلارنى چېقىپ تۈزلەۋاتقان، قۇرئانى ـ كەرىم ۋە دىنىي ئەسەرلەرنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋاتقان دەل مۇستەبىت خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ دەل ئۆزى ئىكەنلىگىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتتى ۋە ئىسلام دۇنياسىنى ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىغىغا قارىتا سۈكۈتنى بۇزۇپ ئورنىدىن دەس تۇرۇشقا چاقىردى.

14 ـ ئاپرىل كۈنى ئۆمەر قانات ئەپەندىم يەنە كۇئالالۇمپۇردا مالايسىيا پارلامېنت ئەزاسى ۋە سابىق ياشلار مىنىستىرى سىيەد ساددىق ئەپەندىم بىلەن ئايرىم كۆرۈشۈش ئېلىپ بېرىپ ئۇنىڭغا شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى ۋە خەلقئارانىڭ ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىغا كۆرسىتىۋاتقان ئىنكاسلىرى، شۇنداقلا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن لوندوندا قۇرۇلغان ئۇيغۇر سوت كولللېگىيەسىنىڭ ئۆتكەن يىلى 12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئېلان قىلغان ھۆكمىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى ھەققىدە مەلۇمات ۋە چۈشەنچە بەردى.

بۇندىن بۇرۇنمۇ ئۆمەر قانات ئەپەندىم باشچىلىغىدىكى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ھەيئىتى مالايسىيا ۋە ھىندىنوزىيەلەرنى زىيارەت قىلىپ بۇيەردىكى ئىسلام ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلار بىلەن يېقىن ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورناتقان ئىدى، نۆۋەتتە بۇخىل ھەمكارلىق مۇناسىۋەتلىرى ئۈزلۈكسىز كۈچىيىپ بارماقتا.

DUQ.TV
14.04.2022

## ПОЗДРАВЛЯЕМ С ВЫСОКИМ ЗВАНИЕМ




Дирекцией по неолимпийским видам спорта Департамента физической культуры и спорта при Министерстве культуры, информации, спорта и молодёжной политики КР Ашимову Сахибжану Именжановичу было присвоено звание Мастера спорта Кыргызской Республики Международного класса

Ашимов Сахибжан Именжанович занимается тхэквон-до ИТФ с 2006 года под руководством Юсупова Ильдара Аблахановича. Является обладателем чёрного пояса III дана, многократный чемпион Кыргызской Республики, победитель чемпионата и Кубка Азии 2019 года, Ашимов Сахибжан Именжанович в составе сборной Кыргызской Республики принял участие на Кубке Мира в г Минск, Республика Беларусь. На этом турнире Сахибжан занял 1 место в абсолютной весовой категории, победитель различных международных соревнований. Также он является молодым тренером.

От души поздравляем Ашимова Сахибжана с высоким званием и желаем ему больше спортивных успех и благополучия в личный жизни!

***Председатель общества «Иттипак» КР Аскар Касымов.***

## МОЛОДЦЫ!



27 марта в Бишкеке прошёл первый танцевальный фестиваль-конкурс «PRIMA», организованной Федерацией классического танца.

Конкурс проходил в Хореографическом училище им Ч. Базарбаева.

В нем участвовали танцевальные коллективы г. Бишкек и других регионов.

Танцевальное направление так же было разнообразным: классический танец, современная хореография, уличные танцы, народные, hip-hop, и гимнастические танцы, и в этой номинации участвовала Уйгурская танцевальная студия «ИНТИЗАР», под руководством Зайтуны Хатбакиевой, где они заняли 1 место.

От имени Общества «Иттипак» поздравляем танцевальную студию «ИНТИЗАР» занявщим 1-е место, желаем им больших успехов и удач!

**Соб.корр**

## УЙГУРСКАЯ ПОЧТА НА ВЕЛИКОМ ШЕЛКОВОМ ПУТИ

Великий шелковый путь — уникальный социально-экономический феномен. Уникальность его заключается в том, что за много веков до изобретения Интернета он работал как Интернет, будучи фактически цифровой экономикой средневековья.

Объясним подробнее. Вот вы купец, идущий из Китая в Византию. У вас есть товар и какие-то идентификационные документы. Как обезопасить ваше путешествие? Страховку выписать против грабителей-кочевников получится не очень. Остаётся только одно: избавить вас от физически достижимых ценностей, денег например, всего ценного, кроме товара, а товар сделать легитимным только в пределах страны назначения и только с вами и с вашим ID. То есть, смуглый дикий разбойник в шкурах (да, скиф он, да, азиат он) не сможет прийти в Византию и предъявить сто отрезов шёлка и получить за них деньги, даже если воспользуется вашим ID. Что-то вроде 3D-security, используемом для оплаты в Интернете.




Но деньги-то вам нужны. Вам нужно питаться, пить чай, кормить, поить, менять верблюдов, медитировать в прохладе караван-сарая. За эти ништяки надо бы платить. Шелками не получится — шёлк караван-сарайщику не нужен, он нужен Европе.

Величайшее изобретение Великого шелкового пути — так называемая «уйгурская почта». Представьте, что во всех городах на пути живут уйгуры. Они есть и в Урумчи (как ни странно), и в Алмалыке, в Кашгаре, в Исфиджабе, Сауране, Сыгнаке, Самарканде, Мерве, Багдаде, Дамаске и даже в Константинополе.

Уйгуры неделимы. Они как единое целое. Коллективный разум, распределенный по всему миру. Для уйгуров не существует границ государств, стен городов и прочей варварско-милитаристской дребедени. Так вот, приезжаешь ты с караваном в какой-нибудь Исфиджаб, хочешь покушать местный лагман. И тогда ты идешь к местному уйгуру, говоришь, кто ты, предъявляешь ID, называешь пароль. Уйгур знает, кто ты. Он ведет книгу караванщиков-клиентов.

**сайт Doppalife.com**

# Пламенный певец свободы



Одним из самых выдающихся сыновей нашего народа является поэт-революционер Лутфулла Муталлип.

Лутфулла Муталлип родился в 1922 году в селе Чон-Аксу Уйгурского района Казахстана. В 1930 году вместе с родителями переехал в город Нилка Илийской области Уйгуристана.

Лутфулла Муталлип получил образование в татарской начальной школе в г.Кульдже в 1932 – 1936 годах. В 1936-1939 годах учился в русской гимназии и в 1939 – 1942 годах учился в Синьцзянском педагогическом институте в г.Урумчи. После окончания института работал в газете «Урумчи». Тогдашний губернатор Синьцзяна Шин Шисай в 1942 году отвернулся от Советского Союза, заключил многих представителей интеллигенции уйгурского народа в тюрьмы как про советски настроенных лиц, подверг их пыткам, а некоторых депортировал в другие города. Лутфулла Муталлип был депортирован в г.Аксу в 1943 году. Лутфулла Муталлип работал в Аксуской газете и Аксуском городском театре. В октябре 1944 г. в Кульдже произошла национальная революция против гоминьдановского правительства, а 12 ноября того же года в трех губерниях была создана Восточно-Туркестанская Республика. Узнав об этом, Лутфулла Муталлип организовал тайную организацию «Союз искр Восточного Туркестана» для организации такой же патриотической молодежи, как он. Целью организации было освобождение города Аксу путем мобилизации населения на революцию против гоминьдановского правительства. Однако все члены организации были заключены в тюрьму из-за причастных к организации предателей. Все члены данной организации во главе с Лутфуллой Муталлип были убиты гоминьдановцами 18 сентября 1945 года.

Лутфулла Муталлип прожил 23 года и известен нам как разносторонний литературовед и поэт. Как поэт, драматург, писатель, журналист, публицист и литературный критик он является и актером, режиссером и художником. Его произведения переведены на казахский, узбекский, киргизский, татарский, китайский, русский, английский, немецкий, французский и другие языки.

В 2022 году мы отмечаем 100 летию со дня рождения Лутфуллы Муталлипа, поэта и патриота уйгурского народа, организатора революционного движения против гоминьдановского режима, лидера организации «Союза искр» Восточно-Туркестана. В связи с годовщиной 100 летия со дня рождения поэта мы предлагаем читателям нашей газеты ряд его стихотворений.

**РЕДАКЦИЯ**

## Ответ эпохе

*Время торопится, время не ждет.*
*Годы рвутся вперед — бытия иноходцы.*
*Что б ни делали мы, а стареть ведь придется,*
*Не стареют лишь реки*
*Да солнца восход....*

*Юность — жизни рассвет благодарный,*
*Жаль, что короток слишком для! нас его срок.*
*Если вырван еще один лист календарный,*
*Значит, с дерева молодости*
*Сорван листок...*

*Ветер времени спорит с валами ненастными,*
*Гонит годы, как волны, вовеки веков,*
*Он невест наделяет морщинами частыми,*
*Бородами седыми — былых женихов...*

*Но не будем за это на время в обиде,*
*Ведь не зря мы живем и творим на земле!*
*Ведь сегодня уже свет грядущего виден,*
*Как простор горизонта*
*При ясной заре?*

*Где дышали пески опаляющим зноем.*
*Мы сады создадим. Запоют соловьи,*
*На могилах упавших в сраженье героев*
*Не увянут цветы*
*Всенародной любви!*

*Небывалый размах у эпохи у нашей,*
*И дела и труды высотою с гряду!*
*Вот и друг мой Турсун был ребенком вчера лишь,*
*А сегодня он в первом шагает ряду!*

*Молодежь, мы за веком спешим, за годами,*
*Пусть седеем с годами, то мужества знак!*
*Если мы закалимся в огне испытаний,*
*Победить нас не смогут*
*Ни время, ни враг!*

*Ведь мы сами вершители доли народной,*
*Ведь готовы к борьбе и солдат и поэт.*
*Над любою строкой моей — знамя свободы,*
*В каждой песне — суровой эпохе ответ.*

*Да, борьба нелегка! И крут и неведом*
*Наш подъем к высоте, что всегда впереди.*
*Может, и не дойду... Не увижу победы,*
*Сын, потомок мой! Встань и иди!*

*Волны времени вдаль убегают бесстрастно,*
*Только пена кипит, бесконечен их ряд...*
*Но над сердцем борца*
*Даже время не властно,*
*Вот ответ: мир и свет победят!*

***1944 г., Урумчи.***

## Молодость - как молния

*Молодость — как молния!*
*Молодости молния!*
*А знанья — океан, глубок он и велик.*
*Глупо заявлять, мол, наукой полон я.*
*Одолевши только полдесятка книг.*

*Ключ ко всей вселенной, к вечным океанам —*
*Изученья труд, на десятки лет.*
*Открывают землю не одни глаза нам,*
*Знанья нам поистине открывают свет!*

*А куда ни глянь — ведь чудес так много!*
*И так интересно все постичь до дна.*
*Возвысит человека наука выше бога,*
*Только от ленивца прочь бежит она.*

*А человек и вправду — чудо всей природы,*
*И нету ничего сильней его ума!*
*Сколько им открыто! Выстроено сводов!*
*И сказаний дивных сложены тома!*

*Торопись! Короток век наш человечий,*
*Как жасмина куст — юности расцвет,*
*Утром он цветет, облетает к вечеру...*
*Молодость — как молния! Полыхнет и нет.*

*Молодости молния! Лишь мигнет во мраке,*
*Но пока ты смел и мечты свежи,*
*В этот миг спеши зажечь познанья факел,*
*И тебе светить будет он всю жизнь!*

***1942 г. , Урумчи.***

## Мы - дети Уйгуристана

*Мы — дети Уйгуристана,*
*Нас осеняет боевое знамя*
*Свободы и труда.*
*Мы в будущее смотрим смелым взглядом,*
*Мы одолеем бури и преграды,*
*С народом мы всегда.*

*Во имя процветания отчизны*
*Не пожалеем мы ни сил, ни жизни —*
*Все посвятим лишь ей.*
*Ее прославим славными делами,*
*Ей поклянемся юными сердцами*
*Мы в верности своей.*

*И в солнечные дни и в дни ненастья*
*Сражаться будем за победу счастья,*
*За торжество труда.*
*Чтобы нигде, от моря и до моря,*
*Не знали люди, что такое горе.*
*Лишенья и нужда.*

*Вперед же, — дети Уйгуристана!*
*Ведь нас всегда и всюду осеняет*
*Борьбы и дружбы стяг,*
*Ведь будущее вдохновенным взглядом ;*
*Нам светит сквозь невзгоды и преграды,*
*Как кораблю маяк!*

***1938 г., Кульджа.***

## Нет, мы, друзья, не дрогнем!

*Нет, мы, друзья, не дрогнем, ведь нас веду вперед*
*Высокие идеи — в борьбе за наш народ.*

*Чтоб за его свободу сражаться до конца,*
*Сожмем мы крепче руки и закалим сердца.*

*Как садовод завянуть не даст цветам своим,*
*Росткам свободы нашей зачахнуть не дадим!*

*Моя мечта — ребенок, что на рассвет глядит,*
*Моя мечта — ребенок, что тянется к груди,*

*К отраде материнской, и я гляжу вперед*
*И вижу день грядущий, свободный мой народ!*

*Нет! Мы не будем в кужах барахтаться, слепы,*
*Ведь нашим душам нужен лишь океан борьбы!*

***1945 г., Аксу.***

# ДАҢЛИҚ УЙҒУР ГИМНАСТИКИЧИ НАРИМАН ҚУРБАНОВ ҚАЗАҚСТАНҒА ЙӘНӘ БИР АЛТУН МЕДАЛЬ ЕЛИП КӘЛДИ

*Узун жиллардин буян, Қазақстандики уйғурлар мәмликәтниң иқтисадий вә мәдәнийәт һаятида муһим рол ойнап кәлмәктә. Болупму, кейинки вақитлар да уйғур қиз-жигитлириниң илим-пән, әдәбият, сәнъәт билән бир қатарда тәнһәрикәтниң һәр хил түрлиридиму чоң утуқларға еришип, Қазақстанниң шан-шәрипини қоғдаватқанлиғи һәмдә шуниң билән бирликтә уйғурларниму дунияға тонутуватқанлиғи мәлум. Мәсилән, Дилмурат Мижитов билән Әланур Турғанова бокстин, Рәйһангүл Гөһәрбақийева Әркин муштлишиштин, Әзиз Турдийев футболдин, Зарина Тохтиева хоккей, йәни муз топ ойнаштин, Һәсән Тохтахунов чаңға тейилиштин, Нариман Қурбанов гимнастикидин, Гүлминәм Иминова бразилиячә жю-жщитсу, йәни әркин челишиш вә муштлишиштин, Фариңиз Ғопурова ушу-санда, йәни чамбашчиликтин Қазақстан, Асия вә дуния чемпиони дәрижисигә йәтқәнлигидин Қазақстан уйғурлири қаттиқ хурсәнт болмақта. Бу нәтижиләрниң һәммиси жумһурийәтлик «Уйғур авази» гезитидә давамлиқ йорутулуп кәлмәктә.*

*Йеқинда Қазақстан уйғурлири үчүн йәнә бир хошаллиқ һадисә йүз бәрди. Атап ейтқанда, даңлиқ гимнастикичи Нариман Қурбанов бу қетим Қазақстанға йәнә бир алтун медаль елип кәлди. «Уйғур авази» гезитидә елан қилинған Йолдаш Молотовниң «Нариман Қурбановниң йәнә бир утуғи» намлиқ мақалисидин мәлум болушичә, Нариман Қурбанов йеқинда Әзәрбәйжанниң пайтәхти Баку шәһиридә өткүзүлгән гимнастика бойичә дуния мусабиқисиниң нөвәттики басқучида «ат үстидә» оюн көрситиш түридә 14.633 пай топлап, ғалип аталған. Қазақстанниң «Спорт» тәнһәрикәт ториму Нариман Қурбановниң биринчиликни егилигәнлигини, шуниңдәк иккинчи орунға албаниялик Матвей Петровниң, үчинчи орунға болса, франциялик Томмасон Сирилниң еришкәнлигини көрсәткән.*




*Биз Бакуда өткән дуния мусабиқиси һәққидә мәлумат егиләш мәқситидә Нариман Қурбановни зиярәт қилдуқ. Нариман Қурбанов апрельниң бешида Бакуда дуния мусабиқисиниң нөвәттики басқучи болуп, униңға 34 мәмликәттин 145 тәнһәрикәтчилириниң қатнашқанлиғини оттуриға қоюп, мундақ деди: «Қазақстандин төрт адәм, йәни мән, Милад Карими, Фарух Набиев вә Дмитрий Потанин қатнаштуқ. Нәтижидә, Милад Карими күмүш медалға егә болди. Дуния мусабиқилирида алған икки алтун медалиниң нәтижиси билән мән һазир биринчи орунда туримән. Мән дуния мусабиқилири басқучлиридиму яхши көрсәткүчләрни намайиш қилип, алтун медал елишни үмүт қилдим вә шуниңға йәттим. Қазақстан үчүн бу икки медал чоң утуқ болуп, мениң командамму буниңға интайин хошал. Бизниң бу қетимқи сәпиримизгиму Қазақстан гимнастика бирләшмиси тәрипидин хираҗәт бөлүнди. Бәхиткә яриша бу қетим һеч қандақ бир мәсилә туғулмиди. Биз һазир мошу жили, июнь ейида өтидиған Асия мусабиқисигә һәм алий мәктәп оуқуғучилириниң дуния мусабиқисигә тәйярлиниватимиз. Арқа-арқидин өткән төрт мусабиқигә қатнашқан болсақму, бизни йәнә бир нәччә чоң мусабиқиләр күтүп туриду».*

*Зияритини қобул қилған Нариманниң дадиси, гимнастика бойичә Қазақстанниң хизмәт көрсәткән тренери Һүсәнжан Қурбанов мундақ деди: «Мән өзәмниң оғлини хәлиқара дәрижидики тәнһәрикәт маһири, дуния мусабиқилириниң төрт басқучиниң ғалиби қилип тәрбийәлидим. У алтә йешидин тартип бүгүнки күнгичә гимнастика билән шуғуллинип келиватиду. Дәсләптила мәшиқни «ат үстидә» оюн көрситиштин башлап, шуни давам қиливатиду. Нариман 17 йешида тәнһәрикәт маһири болуп, 20 йешида дуния мусабиқисида ғалиб атилип, хәлиқара дәрижидики тәнһәрикәт маһири дәрижисигә йәтти. Бир нәччә жилниң ичидә у көплигән хәлиқара вә дуния мусабиқилиригә қатнишип, яхши нәтижиләрни көрсәтти. Қисқиси, мән оғлумниң бу утуқлири билән әлвәттә пәхирлинимән. Һазир той-төкүнләрдә болсун, нәзирчирақларда болсун, башқиму паалийәтләрдә көпчилик, болупму уйғур хәлқиниң вәкиллири Нариманниң исмини атап, махтиниду. Униң келәчәктә дуния чемпиони, Олимпик чемпиони болушини тиләйду. Нариман пәқәт уйғур хәлқиниңла әмәс, бәлки Қазақстанниң наминиму дунияға тонуватиду. Бу болупму биз үчүн чоң хошаллиқ».*

**ОЙҒАН**

# ПОЗДРАВЛЯЕМ!




26 марта 2022 года на проходившем в Иордании чемпионате Азии по боксу среди юниоров (весовая категория 75 кг.), четырехкратный чемпион Кыргызстана по боксу среди юниоров, уроженец г.Джалал-Абад Мухамедазиз Закиров стал бронзовым призером данного чемпионата. Пользуясь этим случаем мы от всей души поздравляем Мухамедазиза с этой наградой и желаем ему дальнейших спортивных успехов, желаем крепкого здоровья и семейного благополучия!

**Филиал Общества уйгуров «Иттипак» Кыргызской Республики г. Джалал-Абад.**






شەرقىي تۈركىستانلىق قىرغىز لاگېر شاھىدى ئۆۋالبېك تۇرداخۇن 13-ئاپرېل كۈنى ۋاشىنگتون شەھىرىدىكى «كوممۇنىزم قۇربانلىرى خاتىرە فوندى» نىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە ئۆتكۈزۈلگەن گۇۋاھلىق يىغىنىدا بەرگەن گۇۋاھلىقىدا خىتاي تۈرمىلىرىگە ئورنىتىلغان كۆزىتىش كامېرالىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ھىكۋىسىئون ماركىلىق كامېرالار ئىكەنلىكى، مەھبۇسلارنى 24 سائەت كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئاشكارىلىغانىدى. بۇنىڭ بىلەن، خىتاينىڭ ئەقلىي ئىقتىدارلىق كامېرالار ئارقىلىق ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەرنى تەقىپ-قامال ئاستىغا ئېلىپ، زامانىۋى قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈۋاتقانلىقى تېخىمۇ ئايان بولغانىدى. بۇنىڭ تۈرتكىسىدە، ئەنگلىيەدىكى بىر نازارەت قىلىش ئورگىنى خىتاينىڭ داخۇئا شىركىتىدىن شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق جىنايىتى بىلەن چېتىشلىقى بار-يوقلۇقىنى سورۇشتۇرغەن.



«بىئومېترىك» (بىئولوگىيەلىك ئۆچۈر) تورىنىڭ 14-ئاپرېل كۈنى بەرگەن خەۋىرىدە ئېيتىلىشىچە، ئەنگلىيە بىئولوگىيەلىك پەرقلەندۈرۈش ۋە نازارەت قىلىش كومىسسارى فراسېر سامپسون (فراسەر سامپسون) داخۇئا شىركىتى بازار بۆلۈمىنىڭ دىرېكتورىغا خەت يېزىپ، بۇ شىركەت ئۈستىدىكى ئەيىبلەشلەرگە جاۋاب بېرىشنى تەلەپ قىلغان. بۇ خەتتە، داخۇئا شىركىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق جىنايىتىگە چېتىشلىق ئىكەنلىكى، يەنى مىليوندىن كۆپ ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ داخۇئا شىركىتى تەمىنلىگەن چىراي تونۇش ئىقتىدارىغا ئىگە كامېرالار ئارقىلىق تەقىپ ۋە نازارەت ئاستىغا ئېلىنغانلىقى كۆرسىتىلگەن.

فراسېر سامپسونىڭ بىلدۈرۈشىچە، ئۇنىڭ خىزمەتچى خادىملىرى داخۇئا شىركىتى بىلەن كۆرۈشۈپ، بۇ شىركەتنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تەقىپ ۋە نازارەتكە يانتاياق بولۇپ، ساقچىلارغا بىئو-ئىقتىدارلىق كامېرا ۋە يۇمشاق دېتال تەمىنلەپ بەرگەنلىكى، ئەنگلىيەگە تەمىنلىگەن كامېرلىرىنىڭمۇ ئەنگلىيەنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن تەھدىت ئىكەنلىكى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدىكەن.

**DUQ.TV**
**18.04.2022**

# دىئاسپورادىكى ئۇيغۇر رېستورانلىرى، خىتايدىن قاچان قۇلۇڭلارنى (مېھرىڭلارنى) ئۈزىسلەر ؟

بۈگۈن تىبەتپەرۋەر بىر فرانسۇز تونۇشۇم بىر قانچە ژۇرنالىست بىلەن بىر ئۇيغۇر رېستورانىغا بارغانلىقىنى ۋە ناھايىتى ئۈمىدسىزلەنگەنلىكىنى ئېيتىپ سۆز قالدۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ دېيىشىچە، تاماقلىرى ناھايىتى ياخشى ئىكەن، لېكىن قانداق تېپىتىكى ئىچىملىكلەرنىڭ بارلىقىنى سورىغىنىدا، خىتايچە ئىچىملىكلەرنى تونۇشتۇرغانلىقىنى، يەنە كېلىپ، ئاردىن بىر ئىچىملىكنى بىر خىتاي شىركىتىنىڭ سوۋغا قىلغانلىقىنى ئېيتقانلىقىنى، تاماقلارنى تونۇشتۇرغاندا، خىتايچە تاماقلارنىڭ گېپىنى قىلىۋاتقانلىقىنى، يەنە كېلىپ، سۆزلىگەندە «بىز خىتايدا...» دەپ تونۇشتۇرغانلىقىنى، بۇ ئۇيغۇر ۋە تىبەت ھوقۇقلىرى ئۈچۈن ناھايىتى كۆچەيدىغان بۇ بىرقانچەيلەننىڭ بۇ ئىشتىن ئىنتايىن بىئارام بولغانلىقىنى، ئەمدى ئۇ رېستورانغا ئىككىنچى بارمايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

بۇ ئاۋازلىق ئۇچۇرنى ئاڭلاپ مېنىڭ قانچىلىك بىئارام بولغانلىقىمنى دېيىشىمنىڭ ھېچ ھاجىتى يوق. بۇنداق گەپنى فرانسۇزلارنىڭ ماڭا بىرىنچى قېتىم دېيىشى ئەمەس. ھەر قېتىم نومۇستىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولىمەن. بۇلار دەرھاللا تىبەت رېستورانلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، تىبەت رېستورانلىرىدا خىتايچە ئىزنا كۆرگىلى بولمايدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ تۇرىدۇ. دېمىسىمۇ راست، مەن پارىژدىكى نەچچە تىبەت رېستورانىغا باردىم. خىتاينىڭ ھېچنىمىسى يوق، ئىچىدە خىتايمۇ يوق ھەتتا. لىق فرانسۇز. ئەمەلىيەتتە، تاماق تۈرىدە، تىبەتنىڭ خۇدا ھەققى ئىككىلا تامىقى بار، بىرى تۈگرە، بىرى مانتا. شۇنداق تۇرۇپ، بۇلار يا خىتاي خېرىدار تېپىش ئۈچۈن، خىتاي تورلىرىغا ئېلان بەرمەيدۇ، خىتاي شىركەتلىرىدىن ماتېرىيال ئالمايدۇ. بۇ بىزنىڭ ئادەملىرىمىز، بىزنىڭ سودىگەرلىرىمىز، بىزنىڭ رېستورانچىلىرىمىز قانداق ئادەملەر ؟؟؟؟ نېمىشقا خىتايدىن قول ئۈزەلمەيدۇ ؟؟؟؟

ئوخشىمىغان دۆلەتلەردىكى ئۇيغۇر رېستورانلىرىغا بېرىپ باقتىم. مۇتلەق كۆپچىلىگىدە، ۋىۋىسكىدا خىتايچە خەت بارلا بار، تاماق تىزىملىگىدە ئۇيغۇرچە بىر نەرسە يوق، لېكىن چوقۇم خىتايچە بار. پارىژدا بەزى ئۇيغۇر رېستورانلىرى فرانسۇز تاماق توشۇش شىركەتلىرى بىلەن ئەمەس، خىتاي تاماق توشۇش شىركەتلىرى بىلەن ھەمكارلىق ئورناتقان. نەتىجىدە، تاماق قاچىلايدىغان قەغەز سومكا، سولياۋ سومكا، بىر قېتىملىق قاچا، چوكا... قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۈستىدە يوغان خىتايچە خەت يېزىقلىق. بەزى لېكىن تېشىدىكى قەغەز خىتايچە خەتلەر بىلەن تولغان ئىكەن، بىز سىنى بىرى قەستلىدىمىكىن دەپ تاشلىۋېتىپتۇق، نېمىشقا ئۇيغۇرچە تاماقنى خىتايچە قەغەزگە سېلىپ ئەكىلدۇ» دېيىشتى.

مەن قانچە يىل بولدى ئۇيغۇر رېستورانلىرىغا دەۋاتقىلى. ئۇلار ماڭا ئۆچمۇ بولۇپ كەتتى. خۇدانىڭ ھەققىدە، ئەرزان نەرسىلەرنى ئىزدىسە،



رېستورانلارنىڭ كۆتكۈچىلىرىمۇ خىتاي. ئىشلەتكەن نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسى خىتاينىڭ شىركەتلىرىدىن سوۋغا قىلغان.

2-ئۆكتەبىر پارىژدا چوڭ يۈرۈشلۈك نامايىش قىلغان ۋاقتىمىزدا، بىر تۈرك دوستۇم ماڭا كۆيۈنۈپ، ئۇيغۇر رېستورانلىرىدىن بىرىگە بېرىپ، ماڭا سامسا ئەكەپتۇ. ۋە تازا پارىژ كوچىلىرىدا ماڭغىنىمىزدا، مەن ئەڭ ئالدىدا بولغاچقا، ماڭا بېرەلمەي، كىشىلەر ئارقىلىق ماڭا يەتكۈزدى. مەن ئۇچاغدا بىر نەرسە يېگۈدەك ھالىم بولمىغاچقا، باشقا فرانسۇز دوستلارنىڭ سامسىنى ئېلىۋېلىشىنى شەرەت قىلدىم. نامايىشتىن كېيىن، بىر فرانسۇز دوستىمىز كېلىپ، ماڭا: «دىلنۇر، بىزچە سېنى بىر خىتايپەرەس قەستلىمەكچى بولدى بۈگۈن. ساڭا بىر خىتاينىڭ نەرسىسىنى يېگۈزمەكچى بولغان ئېدى، بىز ئۇنى ئەخلەتكە تاشلىۋەتتۇق» دەيدۇ. مەن ئۇلارغا ئۇنىڭ ئۇيغۇر سامسىسى ئىكەنلىگىنى دېگىنىمدە، ئۇلار ماڭا «ئىچىدە يەيدىغان نەرسە باركەن،

نەدىكى ئۇششاق ھىندىستان، سىرىلانكا ۋە تۈركلەرنىڭ دۆنەرخانىلىرى تاماق قاچىلايدىغان، توشۇيدىغان نەرسىلەرنى نەدىن ئالىدۇ شۇلار؟ شۇلارمۇ چوقۇم ئەرزان يەردىن ئالىدۇ، ئۇلارنىڭكىدە خىتايچە خەت يوق. شۇ يەرنى ئىزدەپ تاپماق تەس ئەمەسقۇ ؟؟؟ نېمىشقا تىبەت رېستورانلىرىدىكى ئاڭ بىزنىڭ رېستورانچىلىرىمىزدا يوق ؟؟ نېمىشقا بىزدە خىتاينىڭكىنى ئىشلەتمىشتىن، سېتىۋېلىشتىن، ھەمكارلىشىشتىن نومۇس تۇيغۇسى يوق ؟؟ بىز قانداق بىر خەلق بىز ؟ بىز ئاز بىر قىسىملىرىمىز پۈتۈن فرانسۇزلارنى خىتاي ماركىلىرىنى بايقۇت قىلىڭلار، دەپ ئۇلار ھازىر بىزدىن بەتتەر دىققەت قىلىۋاتسا، ئۇيغۇرلار قوپاپ، ئەرزان بولسىلا بېرىپ، خىتايدا ئىشلىگەننى قارىماي ئېلىۋەرسە، ئۇيغۇر رېستورانلار خىتاي كۆتكۈچىلەرنى ئىشلەتسە، خىتاي تاماق شىركەتلىرى بىلەن بىرلىشىپ، رېستورانلاردىن تاماق ئېلىۋاتقان فرانسۇزلارغا تېشىدا يوغان مۆشۈكئېيىق بىلەن خىتاينىڭ "بۇيۇك جوڭگو" دەپ يېزىقلىق سولياۋ سومكىلىرىغا ئۇيغۇرچە تاماق سېلىپ كۆتەرگۈزۈپ يولغا سېلىۋاتسا.... بىز قانداق بىر پۇلغا، ئەرزان ئىزدەشكە تويمىغان بىر خەلق؟؟؟؟ قاچان نومۇس قىلىسلەر ؟ مەن تولا دەپ سىلەر ماڭا ئۆچمۇ بوپ كەتتىڭلار، ئاما خۇدانىڭ ھەققىدە قاچان ئۆزگىرىسلەر ؟ قاچان خىتايدىن مېھرىڭلارنى ئۈزىسلەر ؟ ئاشۇ نەچچە سانتىم پۇلنى دەپ قاچانغىچە بىزنى نومۇستا قويىسلەر ؟؟؟؟؟

نېمىشقا بۇ ئەھۋالنى مەندىن باشقا ئۇنلۇك ئاۋازدا شۇلارغا دەيدىغان ئادەممۇ چىقمايدۇ ؟ بۇنداق ئومۇمىي ئىللەتنى تۈزەش ئۈچۈن، ئومۇمىي خەلق ئەيىپلىشى كېرەك. بىزنىڭ ئادەملىرىمىز توردىلا قەھرىمان، توردىلا زوۋانى يوغان. پۇلى بارلارنىڭ ئالدىدا زوۋانى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىدۇ. نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا، پارىژدا ئىككى ئۇيغۇر رېستورانى خىتاينىڭ تور بېتىدىكى بىر-بىرىگە يېزىلغان ئىنكاس سەۋەپلىك ئادەم باشلاپ كېلىپ، خېرىدارلارنىڭ ئالدىدا مۇشتلىشىپ كەتكەن. نېمىشقا ؟ خىتاي خېرىدار تالىشىپ.

يىغىپ ئېيتقاندا كەلگەندە، سۆ تېگىدىن لاي. ئادالەتسىز، ئومۇمىي مەنپەئەتكە پايدىسىز ئىش يۈز بەرگەندە، جامائەت ئادىل ئەمەس، ھەركىم شۇ ئادەم بىلەن بولغان پايدا-مەنپەئەتىنى دەڭسەپ تۇرۇپ، ئارىلاشماسلىق، تەنقىد قىلماسلىق، كارى بولماسلىقنى تاللايدۇ. ئومۇمىي خەلق ئەيىپلىشى بولمىغاندىكىن، يامان ئىللەت داۋاملىشىۋېرىدۇ.

ئەسكەرتىش : بۇ پۈتۈن ئۇيغۇر دىئاسپوراسىدىكى ئومۇمىي بىر ئەھۋال، نوقۇل ھالدا مەخسۇس بىر ئۇيغۇر رېستورانىغا قارىتىلمىغان. مەلۇم رېستورانچىلار بىلەن ياكى ئۇلارنىڭ يېقىنلىرى بىلەن دۈشمەنلىگى بارلارنىڭ بۇ يازمىدىن پايدىلىنىپ دارتمىلىشىۋېلىشىنى خالىمايمەن. ھاقارەت تىپىدىكى ئىنكاسلار يۇيىلىدۇ.

دىلنۇر رەيھان.
پارىژ شەھىرى

# Вәтән ишқида көйгән жүрәк

## (Мәһәммәтсидиқ Норузовниң туғулғиниға 100 жил)

Һазирқи заман Қирғизстан уйғур әдәбиятиниң шәкллинишигә вә униң тәрәққий қилишиға өзиниң мунасип һәссисини қошқан шаирлиримизниң бири Мәһәммәтсидиқ Норузовдур.

Мәһәммәтсидиқ Норузов 1922- жили, 20- авғустта Қирғизстанниң Қаракол шәһиридә туғулған. 1931- жили, ата-аниси билән Ғулжа шәһиригә көчүп барған. Ғулжида толуқсиз оттура мәктәпни тамамлиғандин кейин, 1940- жили Үрүмчи милләтләр дарилфунуниға оқушқа чүшиду. Әнә шу билим дәргаһида 1944- жилиғичә оқуйду. Оқушини түгәткәндин кейин Ғулжиға қайтип келип, маарип саһасида хизмәт қилған. Мәһәммәтсидиқ Норузов 1952- жилидин башлап Уйғуристанда «Шинжаң әдәбият-сәнъити» (һазирқи «Тарим») журналида баш муһәррирниң орунбасари болуп ишләйду.

1957-1958- жиллири Хитайда жүргүзүлгән «Стиль түзүтиш» һәрикитидә мәдәний - маарип, әдәбият-сәнъәт саһалирида ишләватқан нурғунлиған көплигән миллий кадрларни, хәлқимизниң ичидин чиққан әң пак вә алийжанап адәмләрни, зиялийларни, миңлиған оқуғучиларни «йәрлик милләтчи» дәп әйипләп, тәқип астиға елип, түрмиләргә солап, жаза лагерьлириға әвәтти. Шулар қатарида тәқипкә учриған Мәһәммәтсидиқ Норузов 1961- жили, аилиси билән Қаракол шәһиригә көчүп чиқип, сода саһасидә ишләйду. Шаир Мәһәммәтсидиқ Норузов 1993- жили, Қаракол шәһиридә вапат болди.

Мәһәммәтсидиқ Норузов мәктәптә оқуп жүргән чағлиридила әдәбиятқа, болупму поезиягә қизиққан. Униң «Дилбиримгә» намлиқ биринчи шеири 1940- жили, мәтбуатта елан қилинған. У Үрүмчи милләтләр дарилфунунида оқуватқан чағлирида өзигә охшаш яш студент шаирлар: Лутпулла Мутәллип, Абдурейим Өткүр, Билал Әзизи, Абдулла Рози вә башқилар билән тонушқан. Ялқунлуқ, вәтәнпәрвәр шаир Лутпулла Мутәллип Мәһәммәтсидиқ Норузовниң әң йеқин сәпдашлириниң бири еди. Лутпулла Мутәллип 1943- жили, Ақсуға кетиш алдида өзиниң шеирлирини чоң бир дәптәргә көчүрүп Мәһәммәтсидиқ Норузовқа тапшуруп кәткән. 1945- жили, 18- сентәбрь күни Лутпулла башлиқ униң инқилавий сәпдашлирини гоминдаң әксийәтчилири тәрипидин қәтил қилинғандин кейин, униң шеирлирини «Муһәббәт вә нәпрәт» намида нәширгә тәйярлап чиқарған. Мәһәммәтсидиқ Норузовниң шеир йезишиғиму Лутпулла Мутәллипниң тәсири чоң болған. Униң шеирлири Ғулжа вә Урумчи шәһәрлиридә нәшир қилинған гезит вә журналларда йорук көргән. Өзи ишлигән «Шинжаң әдәбият - сәнъити» журнилида униң шеирлири билән әдәбиятқа аит мақалилири давамлиқ бесилип турған.

Мәһәммәтсидиқ Норузовниң «Җавап» намлиқ шеирлар топлими 1957- жили, Үрүмчидә «Шинжаң хәлиқ нәшрияти»дин йоруқ көриду. Бу топламда шаирниң вәтән, азатлиқ үчүн күрәш, муһәббәт, достлуқ, тинчлиқ, әмгәкчи деһқанларға беғишлап язған шеирлири берилгән.

1944- жили, өктәбрдә Или вилайитидә көтүрүлгән миллий азатлиқ инқилаби нәтижисидә Ғулжида 12- ноябрь күни Шәрқий Түркистан жумһурийити қурулди. Шу жиллири Мәһәммәтсидиқ Норузов өзиниң шеирлирида миллий азатлиқ инқилавини мәдһийиләп, яшларни күрәш сепигә чақириду. Униң «Мәнму баримән жәңгә» намлиқ шеирида миллий армия сепидики жәңчиниң қолиға қурал елип вәтәнниң азатлиғи үчүн күрәшкә атланғанлиғини мундақ тәсвирләйду:

*Мәнму баримән жәңгә,*
*От йеқишқа зулмәткә.*
*Қолумға қурал алдим,*
*Өтүп алдиңқи сәпкә.*

*Мәнму баримән жәңгә,*
*Тиктим жанни вәтәнгә.*
*Йәткүзүшкә елимни,*
*Чин бәхит - саадәткә.*

*Мәнму баримән жәңгә,*
*Туруп әһду - вәдәмгә.*
*Ақсиму қеним мәйли,*
*Чекинмәймән кәйнимгә.*

*Бар, - деди хәлқим мени,*
*Ейтип әрик земини.*
*Йәткүзгин ахириғичә,*
*Деди һөрлүк жеңини.*

«Күрәш билән» намлиқ шеирида болса шаир азат Шәрқий Түркистан жумһурийитини мәдһийиләйду.

*Ейтимиз достлар бүгүндин башлап,*
*Инраштин созуп муңлуқ нахшилар.*
*Чүнки ейттуқ биз әртә-кәч тинмай,*
*Һәсрәттин-жәмдин тоқуп қошақлар.*

*Ейтайли әнди утуқ шәнидин,*
*Отлуқ жүрәктин янрақ ғәзәлләр.*
*Кәлгәчкә йетип зопәр теңидин,*
*Улуқ вә галип йеңи хәвәрләр.*

Шаирниң муһәббәт темисиға язған шеирлири: «Дилбиримгә», «Көрүнди»,«Шаирә», «Қизниң шәрти», «Җавап», «Муһәббәт», «Алдирма», «Омақ қизчақ», «Қиз үмүти» вә башқилар. Шаирниң «Җавап» намлиқ шеири өзиниң мәзмуни вә бәдиийлиги билән алаһидә көзгә челиқиду.

*Олтураттуқ иккимиз яндишип,*
*Берәттиң сән гөзәлликтин соал.*
*Гаһ қараттиң тикилип-қадилип,*
*Кирпикләр турар төкүлүп тал-тал.*

*Соалға җавап издигән болуп,*
*Қараттим мән көзлириңгә узақ.*
*Соалиңға берәлмигәч җаван,*
*Бойнумға гоя чүшәтти тозақ.*

*Мени қистап, тәкрарлаттиң соал, -*
*Чин гөзәллик болар сизчә қандақ?!*
*Җавап берәлмәй болғинимда лал,*
*Қешиң салатти дилға иштияқ.*

*Қалар едиң туруп тик бақалмай,*
*Бәлким шерин хиялларни сүрүп.*
*Қалаттим мән гил-палла бир,*
*Көзлириңдә өз әксимни көрүп.*

*Сән дәр едиң, қиз гөзәллиги -*
*Буғдайчилик хал болса уздә.*
*Мән дәр едим, қиз гөзәллиги*
*Меһрини төккән бир жүп көздә.*

Шаир «Җавап» намлиқ шеирини гөзәллик мавзусиға беғишлиған. Униңда қиз гөзәллик тоғрисида соал берип жигиткә қадилип қарайду, жигитни өзиниң һөсни - жамалиға мәһлийа қилишқа уриниду. Қиз билән жигитниң гөзәллик тоғрисидики көз қарашлири бир-биригә мутлақ охшимайду. Шуңлашқа жигит қизниң чүшәнчисигә охшимиған һалда: «Қиз гөзәллиги, меһрини төккән бир жүп көздә», дәп жавап бериду.

Совет елигә көчүп чиққандин кейин униң шеирлири«Коммунизим туғи», «Йеңи һаят» гезитлириниң сәһипилиридә давамлиқ бесилип турди. 1982- жили, униң иккинчи шеирлар топлими «Ақ булутлар» Алмута «Жазуши» нәшриятидин йоруқ көриду. Бу топламға



шаирниң ана-вәтән Уйғуристандин айрилип, мусапирчиликта өткән һаяти, һис туйғулири билән йезилған шеирлири киргүзүлгән. Шаирниң «Ақ булутлар» топлими «Бир сиқим топрақ» шеири билән башлиниду:

*Ривайәттә ярилиптуқ топрақтин,*
*Бәлки расту, унисини билмәймән.*
*Мәнтиқиму барду, достум, бу гәпниң,*
*Сәндин башқа чүшәнчә тилимәймән.*

*Мән үчүн бирла сиқим топрақ әзиз,*
*Төрүлүшим, қан елишимму шуниңдин,*
*Билки ана вәтәнниң у бир жисми,*
*Дуния-дуния болуп яралған күндин.*

*Топриғиң таш, қум, шехил болсун гәрчә,*
*Һажәтсиздур униң нами һәм пәрқи,*
*Саталмайсән уни, у вәтәнниң*
*- бир сиқим топриғи, йоқтур нәрқи.*

Мәһәммәтсидиқ Норузов «Гүл дәңлар мени» шеирида болса, ана-вәтәнниң гөзәллиги вә қиммитигә һеч нәрсиниң тәң болалмайдиғанлиғини тәрипләп, вәтиниғә болған муһәббитини мундақ ипадиләйду:

*Қуяшму болай мән, гүл дәңләр мени,*
*Артуқ тәрипкә чүшмәс еһтияж.*
*Муқәддәс вәтән сөйимән сени,*
*Данә гүлүңмән шаһанә бир таж.*

Шаирниң «Бир сиқим топрақ», «Лалә», «Гүл дәңлар мени» вә башқа шеирлирида биз вәтәнпәрвәрликниң яркин симасини көримиз.

Мәһәммәтсидиқ Норузов өмүриниң ахириғичә Уйғуристанниң азат, һурийәтлигини көрүш арзусида өтиду. Өз вәтинини сеғиниш һис-туйғулирини «Жүрәк туғи» шеирида мундақ изһар қилиду:

*Яшаймән вәтән, сәндин узақта,*
*Көңлүм әмәстур меһриңдин жирақ.*
*Жүрәк көйиду ишқиңда гоя –*
*Қип-қизил қоқас, таңдики чирақ.*

*Һараритим шу, халайиқ билиң,*
*Бегишлар һаят тәңгә чоғ болуп.*
*Мәхпий әмәсқи, аңлап һәм келиң,*
*Мени йетәкләр юлтуз - туғ болуп.*

Мәһәммәтсидиқ Норузовниң «Ахирқи түн» намлиқ кичик һәҗимлик поэмиси язғучи Алимахунниң (Мөмүн Һәмраевниң) пажиәлик вапатиға беғишлап йезилған. Һәммигә мәлум, язғучи Мөмүн Һәмраев (1907-1955) биринчи уйғур романи «Долқунлар арисида» намлиқ әсәрниң муәллипи еди. У 40- жиллардин башлап Шәрқий Түркистан вәқиәлиригә актив иштрак қилиду. Мөмүн Һәмраев Шинжаң Уйғур автоном райони қурулған вақитлирида бир мәзгил ШУАРниң мәдәнийәт назаритиниң назири болған. 1955- жили, қурбан һейт һарписида һейт-айәм қилиш мәхситидә Мөмүн Һәмраев билән Үрүмчи банкиниң башлиғи Абдулла Мәхсум машина билән Турпанға кетиветип (шофер хитай миллити еди), Даван-Чиңға барғанда машина ағдурулуп кетиду. Шофер сәкрәп машинидин чүшүп кетиду. Абдулла Мәхсумниң бир пути сүниду, Алимахун еғир зәхмилинип, кейин вапат болиду.

«Ахирқи түн» әсәридә Мәһәммәтсидиқ Норузов еғир сакратта ятқан Алимахунниң (Мөмүн Һәмраевниң) ички кәчүрмишлири вә ойлирини баян қилиду.

Мәһәммәтсидиқ Норузов 1944-1949- жиллири Шәрқий Түркистан жумһурийити мәвжут болуп турған мәзгилдә Әнвәр Насирий, Ним Шеһит, Нурмуһәммәт Босақов, Абдурейим Әйса, Қасимжан Қәмбирий, Абдулһәй Рози, Абдурешит Имин вә башқилар билән уйғур әдәбияти вә сәнъитини риважландуруш йолида иждадий вә тәшкилий паалийәтләрни елип барди. Мәһәммәтсидиқ Норузов шаир Әлкәм Әхтәм билән бирликтә 1947-жили, уйғур шаир вә язғучилириниң иждадидин «Альманах»ни нәширдин чиқарған. Бу «Альманах»та 30 ға йеқин уйғур шаир вә язғучилириниң шеир, һекайә вә очерклири берилгән. Бу «Альманах» Шәрқий Түркистан жумһурийити һөкүм сүргән мәзгилдә уйғур әдәбияти тарихидики зор төһпә еди.

Хуласилап ейтқанда, Мәһәммәтсидиқ Норузов иждадийитидә вәтәнни, хәлқини, муһәббәтни, достлуқни, тинчлиқни мәдһийиләп язди. У Шәрқий Түркистанниң көрүнәрлик мәдәнийәт әрбаплири қатарида уйғур әдәбиятиниң риважлинишиға вә тәрәққий қилишиға мунасип һәссисини қошқан әдиптур.

**Әкбәржан Баудунов,**
пәлсәпә пәнлириниң
намзити



شائىر مۇتەللىپ سەيدۇللا

هازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن شائىرلارنىڭ بىرى بولغان مۇتەللىپ سەيدۇللا 1972 ـ يىلى، 8 ـ ئۆكتەبىر كۈنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ كېرىيە ناھىيىسىگە قاراشلىق لايسۇ يېزىسىدا زىيالىي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1993 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئۈرۈمچىدىكى شىنجاڭ نېفىت ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرۈپ، قاراماي نېفىتلىكىگە ياردەمچى ئىنژېنىر سالاھىيىتىدە خىزمەتكە چۈشكەن.

شائىرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى ئالىي مەكتەپ مەزگىلىدىلا باشلانغان بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى نوپۇزلۇق ژۇرناللاردىن «تەڭرىتاغ»، «تارىم»، «تۇرپان»، «مايبۇلاق» قاتارلىق ژۇرناللاردا 300دىن ئارتۇق شېئىر، نەسر ۋە ئەدەبىي ئوبزورلىرى ئېلان قىلىنغان. شائىر يەنە ئەدەبىي تەرجىمە ساھەسىدىمۇ بىرقاتار ئەمگەكلەرنى روياپقا چىقارغان بولۇپ، ئۇنىڭ 200دىن ئارتۇق تەرجىمە ئەسىرى «ئەدەبىي تەرجىمىلەر»، «شىنجاڭ گېزىتى»، «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى»، «ئاسىيا كىندىكى گېزىتى» قاتارلىق تەسىرى كۈچلۈك مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان.

شائىر مۇھاجىرەت ھاياتىغا كۆچكەندىن كېيىنمۇ قەلەمنى تاشلاپ قويمىغان بولۇپ، تۈركىيەدىكى «ھېجى»، «كارداش كالەملەر» ۋە «گۈنجەل سانات» قاتارلىق ژۇرناللاردا ئۇنىڭ بىرقىسىم شېئىرلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلىنغان. 2019 ـ يىلى «دېڭىزنىڭ ئېيتقانلىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى ئۇيغۇر تىلىدا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، 2021 ـ يىلى «ئىككى كۆز، ئىككى يۈز» ۋە «دېڭىزنىڭ ئېيتقانلىرى»، 2022 ـ يىلى «سوغۇق ساھىل» ناملىق شېئىر توپلاملىرى تۈرك تىلىدا نەشر قىلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا، شائىرنىڭ بىرقىسىم شېئىرلىرى «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىن تاللانمىلار»، «تىلسىز قۇشلار» قاتارلىق توپلاملارغا كىرگۈزۈلگەن. شائىرنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بىرقىسىم شېئىرلىرى ئىنگلىز، نورۋېگ، تۈرك ۋە خىتاي تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان. شائىر ھازىر ئائىلىسى بىلەن بىرگە نورۋېگىيەنىڭ پايتەختى ئوسلودا ياشاۋاتىدۇ.

رېداكتسىيە

## ئايال

غۇۋا بىر شاۋقۇن قانات ئاچاتتى
گۈڭگا بىر ئايال سۆيگەندەك لەۋنى
نەي ئاۋازىدەك
توي ئاۋازىدەك
كۈي ئاۋازىدەك
نۇر ئاۋازىدەك.
بىر ئايال قۇچاقلىدى كېچىنى
خوشلىشىۋاتقاندەك
رىۋايەتلەردە سۆزلىنىۋاتقاندەك
ۋەدە قىلىۋاتقاندەك
ئىنتىقام ئېلىۋاتقاندەك.
بىر ئايال سالدۇردى كېچىنىڭ كىيىمنى
يىغلاۋاتقاندەك
ئۆرۈشىۋاتقاندەك
پۇشايمان قىلىۋاتقاندەك
يالۋۇرۇۋاتقاندەك.
بىر ئازاپ كېسىپ ئۆتتى كېچىنى
ئۆلۈپ قالدىغاندەك
تىنىق توختايدىغاندەك
ھايات ئاخىرلىشىدىغاندەك
ھېچنېمە قالمىغاندەك
جىمجىتلىق قاپلىدى دۇنيانى
ۋەدىلەر قۇرۇپ كەتكەندەك.

## پىچاق

ياسىلىشتىن ئاۋال
ئېغىر تىنىق ئىچىدىكى تاشقوراللار دەۋرى.
ياسالغاندىن كېيىن
بولدى ئەركەكلىكنىڭ سىمۋولى.
ئۇف
بەزىدە يالتىيىپ قالىمەن،
بولغىيتتى بۇ قايسى دەۋرنىڭ
تەپەككۇرى.

## نىگارغا

ئادەم ئاتا ۋە ھاۋا ئانا
مۇھەببەتتە يۇغۇرۇلۇپ بىر ـ بىرىگە
ئايلانغان.
ئايرىماق تەس، نە سۇ، نە ئوتنى
زېمىنغا يالقۇن بولۇپ تارالغان.
بىلىمەن،
ۋىسالنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەيتلىرى
سېنىڭ مەڭزىڭدىكى ئىككى تامچە كۆز
يېشىغا ئايلانغان
بىرى سېنىڭ، بىرى مېنىڭ.
بۇ سۆيگۈنىڭ پەللىسىدۇر بەلكىم،
ئىككىلىمىز كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغان.

## تىلغا يوشۇرۇنۇش

بارلىق تۇيغۇلار يوقالغان جىمجىت
تىلنىڭ ساماسىغا ئۇسسۇلدا ئاسمان
سۈكۈتلەر ئەينەك،
سۆيگۈ پىرىخون
سەدەپ ئوقلىرىنى ئاتماقتا كۈندۈز.
ئاسمانلاردا بىز،
دېڭىزدا ھەم بىز.
ئوتتۇز ئىككى ھەرپ ئەمەسكەن تىلسىز.
يارىلىش ۋە يارىتىلىش
قاش ۋە كىرپىك
بىز ـ
ھەممىمىز ئاقار يۇلتۇز.
مەن ھەر كېچە
تىل كېمىسىدە يوشۇرۇنغان غېرىپ يالپۇز.
ئانا تىلىم،
يارىلىشىمدا
بۇ دۇنيالىق سوۋغىدۇر سۆزىسىز.

## باللىق

باللىقىمنى
تېرىپ ئېتىزغا،
يېيىپ كەڭرى ئورمانغا
قۇرۇتقانتىم مومام ئېيتقان چۆچەكتە.
ياشلىقىمنى
بۆلەپ بۆشۈككە،
سۇلغۇن مەدەنىيەتنىڭ ھەرپلىرىدە
يازغان ئىدىم ئىسمىمنى ئەينەككە.
بۈگۈن ھەر ئىككىسى يوق
ئازدىم يوللاردا،
دۇدۇقلايمەن ھەر بىر سۆزۈمدە.
بەلكىم،
كۆزلىرىمنىڭ نۇرلىرى قالدى
بىز يوقاتقان ئاشۇ بېكەتتە.

## پادىچى بالا

ئۇ زامانلار
مەھەللىمدە ھەر كۈنى سەھەر
بىرتوپ كالا ئوتلاپ يۈرەتتى
پادىچى بالا مەھەللىدىن يۈگۈرۈپ ئۆتەتتى.
مەن بەزىدە ئۆزۈمنى پادىچى،
بەزىدە پادىچى بېقىۋاتقان كالا دەپ خىيال
قىلاتتىم.
ئۇ زامانلاردا،
پادىچى باللار ۋە بەك كۆپ كاللار بار ئىدى
سەن يوق ئىدىڭ.
ئەمدىلىكتە
نە ھېلىقى پادىچى
نە ھېلىقى پادىلار يوق.
ئامما سەن بار بولدۇڭ، بار بىلەن يوقنىڭ
ئارىسىدا
مەن يىراقتىن سېنى كۈزىتىدىغان ئىككى
كۆزگە ئايلاندىم.

## ئانام

ئەينى كېچىدە
ئەينى يەردە
ئەينى سائەت
ھەر كۈنى،
تەكرار ۋە تەكرار
ئانام چىقىپ كېلىدۇ
قىزىمنىڭ كۆزىدىن.

## سېغىنىش

سېنى ئۇنتۇش ئۈچۈن سېغىنىمەن
ئۆزۈمنى مىڭ رەت ئۆلتۈرىمەن
پارچىلانغان تەننى توپلاپ
قايتىدىن سېنى سىزىپ چىقىمەن
شۇندىن كېيىن
سېنىڭ ئۈچۈن
كۈن ۋە تۈنگە ئايلىنىمەن.

## ئەجەل

تۈنۈگۈنگە قاراپ
ئۇنىڭ كۆزلىرىنى ھېس قىلىمەن
بۈگۈنگە قاراپ
ئۆلارنىڭ كۆزلىرىنى چاقنىتىمەن
ئەتىگە قاراپ
مېنىڭ ئاجىز كۆزلىرىمنى تەسەۋۋۇر قىلىمەن
ھەممىسىنى يىغىپ قىياس قىلىمەن
ئۆزۈممۇ قورقىمەن.

## تىل

بىلىمەن گۈلۈم
ئاسماننىڭ تىلىنى
دەريانىڭ تىلىنى
گۈللەرنىڭ تىلىنى
ئىنساننىڭ تىلىنى
ھەممىنى
سېنىڭ تىلىڭدىن باشقا
ھاياتتىكى بىر قۇش ئىدىم
ئايلاندىم شۇئان
ئالدىڭدىكى تىلسىز تاشقا.

## رەسسام

ئۇ كۈنى
دېڭىزدا چاقناپ تۇرغان قۇياش بار ئىدى،
دۇنيا ئۇيقۇدا
دېڭىز تىپ ـ تىنچ ئىدى
يەلكەنلەر خىرامان كېزىپ يۈرەتتى.
رەسسام رەڭ ۋە سىياھلىرى بىلەن
ئاسماننى بۇلۇتلۇق، دېڭىزنى بورانلىق ،
كېمىنى دېڭىزغا چۆكتۈرۈپ سىزدى.
ئارقىدىنلا ئۆزى سىزغان رەسىمگە قاراپ
ئۈن سېلىپ ئۆزۈن يىغلىدى.

## تارىخ

كۆزلەر سۆزلەر
لەۋلەر خاتىرىلەر
ئۇپۇقلار سىزار
دەريالار يازار
تۇپراقلار كۆمەر
ئىككىمىزنىڭ تارىخنى.
شامالال ئەپ قاچار
مۇزىكلار ئوغرىلار
ناخشىمىزنىڭ نوتىسىنى.
بىرىمىز ئاي، بىرىمىز قۇياش
سۆيۈش بىلەن ئازاپ ھەم قان قېرىنداش
ماڭلا بەر تاغدەك ھەسرىتىڭنى.
سېنى سۆيۈش بىر مۇزىكا
بىر كىلاسسىك مىلودىيە
ئۇلار سۆز ـ چۆچەك قىلار،
دوستلار داستان قىلار
ئىككىمىزنىڭ ئۆلۈمنى.
گۈلۈم
سەنسىز مەن قانداق يازاي
سەنسىزلىكنىڭ ناخشىسىنى.
مەن سۆيگەن گۈلبەرگى سەن
ئەسلا، ئەسلا ئۇنۇتما مېنى.

## قۇياش رىۋايىتى

رىۋايەتلەر ئىچىدە رىۋايەت باردۇر.
يەر ئايلىنار، يېنىدا قۇياش
مەڭدىن ئاۋال بار ئىكەن
بىراق،
قايسى قايسىنى ئايلانسا يەنىلا ئوخشاش.
ھېچ بىلمىدىم،
سەنمۇ ئايمىدۇرسەن، مەن يەر شارى؟
ئايرىلىشقا ئەسلى سۆز يوقتۇر
ئۆتمەكتىمىز بىر نۇر كەبى پىرقىراپ.
ئېيتقىنا گۈلۈم؟
بىزنى بۇنداق تارتىپ تۇرغان
قايسى رىۋايەت، قايسى بىر پىراق؟

## دۇئا

قوللارنى ئېگىز كۆتۈرمەيمۇ
ئاۋاز چىقىرىپ ئايەت ئوقۇمايمۇ
كۆزلىرىمىزنى ھېچ يۇممايمۇ
بۈيۈك دۇئالارنى تاماماليمىز.
كۆزلەردىن ياش تامچىراپ
ئۈنلۈك ئاۋازدا تازا يىغلاپ
بوغۇزالىر يېتىمسىراپ
ئەڭ گۈزەل بەختنى ھېس قىلىمىز.
ھېچكىم بىزنى تونىمىسۇن
ھېچ ئېسىگە سالمىسۇن
ئامما بىز تۇيغۇلارغا ئىز سالىمىز.
بىز بەخت ئەمەس ئازاپ يولى ئۈچۈن
ئەڭ بۈيۈك دۇئالارنى تاماملايمىز.

# Турсун әпәндини әсләймиз

Жиллар өтүп, яш чоң болғансири, өткән күнләр көз алдимға келип, биз көргән әл-жүрт, яру-бурадәрләрни әсләп, яшлиқ чағлирим өткән Лебединовка йезисиға кәлдим. Униң кочилирини арилап жүримән, хали болуп қалған бу кочиларда биз көргән салапәтлик адәмләр көрүнмәйду. Әнди бу йезини қақ йерип туридиған чоң қатнаш йолиға чиқтим, бу йол әсирләр бойи адәмләрни бир-бири билән алақилаштуруп кәлгән иппәк йоли еди. У өзиниң тинимсиз ғурулдап меңип турған қатнаш еқими билән күндилик һаятниң тохтимай қайнап турғанлиғидин дәрәк берип туриду. Йолниң икки қанитиға яндап ясалған бекәтләрдә қатнаш маршрут келип пат-пат тохтап турғанлиғини көрүшүм билән, өтмүштики бир вақиә есимға чүшти, у мундақ болған.

Шу чағда бекәткә келип тохтиған маршруткидин икки адәм чүшүп қалди. Улар автобустин чүшүп, икки тәрипигә бир қур каравештидә, андин мениң кешимға келип, иллиқ саламлашқандин кейин:

- Укам, мошу йәрдә туридиған Турсун һажим дегән кишини тонамсиз? - дәп, иллиқ сориди.

Мән сәл ойлинип:

- Биздә бир нәччә Турсун һажим бар, қайси Турсун һажимни дәйсизләр? дәп соридим.

- Әсли у кишини Турсун әпәнди дәйдиған, - деди.

-Һә, Турсун әпәнди демәмсиләр. Бу йәрдә у кишини тонумайдиған адәм йоқ болса керәк, дедим. Турсун акиниң өйи қәйәрдә екәнлигини дәп бәрдим. Натонуш кишиләр униң өйигә меңишқан шу чағда, бир нәрсә есимға келип, Турсун акиниң әшу «әпәндим» дегән қошумчисиниң тегидә жилларға жавап беридиған бир нәрсиниң барлиғини сәздимдә, бүгүн Турсун акимиз һаят чеғида олтуруп, узақ параңлашқан пәйитлирим есимға келип униң 100 яшлиғиға беғишлап әслимә йезип олтуримән.

2000 дин ошуқ уйғур аһалиси яшайдиған Лебединовка йезисида көп жил яшап дуниядин өткән Турсун һажим Курбан 1922- жили, Уйғуристанниң Ғулжа шәһиридә кәмбәғәл деһқан аилисидә дунияға кәлгән. Ғулжа шәһиридики «Үмүт» мәктивидә оқуп, уни 1938- жили яхши баһалар билән тамамлиған. Андин Или билим журтиға оқушқа



чүшүп, көрүнәрлик әдип вә сәясәтчи Абдурейим Әйса рәһбәрлигидә тәлим елип, муәллимләр курсини пүтәргән. 1939- жили, Ғулжа наһийәлик Турпанйүзи йезилиқ мәктивигә муәллим болуп, бәш жил ишлигән. Турсун ака көплигән яшларға билим берип, өзиниң муәллимлик тәжирбисини ашуруп кәлгән, уни «Турсун әпәнди» дәп башлиған шу жиллири миллий инқилап башлинип, шу заманниң билимлик адәмлири болған Турсун ака Гоминдаң һакимийитигә қарши болған миллий азатлиқ инқилавиниң қатнашчилири вә тирик гувачилириниң бири еди.

Биз көрмигән әждатлиримиз бизниң парлақ һаятимиз үчүн қан төккән әшу инқилап һәққидә соригинимда, Турсун акини бирдин ой басқандәк болуп, әшу унтулмас жилларни әсләшкә башлиди.

1944- жили, 7- ноябрь күни Гоминдаң әскәрлири қоршап ятқан Ғулжа шәһиридики Һәрәмбағ қорғанини азат қилиштики жәңгә қатнашқанлиғини сөзләп келип, шу қанлиқ жәңдә қурбан болған көплигән оғуллиримиз қатарида қан кериндаш иниси Муһәммәт Иминниң вапат болғанлиғини әсләп, униң қайғурған чирайида кимләргиду болған нәпрәт учқунлири чачриғандәк қилған еди. Әшу жәңләрдә аман қалған Турсун ака муәллимлик вәзиписини тохтатмай, Ғулжа шәһиридики «Шәрқ» мәктивидә давамлаштуруп, 1953- жили, мәктәпниң мудирлик вәзиписигә йәткән. Бирақ, Турсун акиға өз вәтини, өз журтида, өз әвлатлириға билим берип оқутушқа тәғдир несип қилмиған болса керәк. Мәктәптә мудир болуп ишләп жүргән чеғида, 1955- жили, аилиси билән Кеңәш Иттипақиға, Қирғизстанға көчүп чиққан. Чәт әлгә келип көзни жумуп ачқичә бир нәччә жиллар өтүп кетипту. Шу жилларда тилдин қийналған Турсун ака муәллимлик қилалмай, әмгәкниң һәр хил саһалирида ишләшкә мәжбур болған. Дәсләп Лебединовка йезисиниң «Куйбышев» колхозида 4 жил суғатчи болуп, андин Фрунзе шәһиридики Камвольно-Суконный комбинатида 3 жил, кейин 22 жил сода саһасида ишләп, 1982- жили пенсиягә чиққан. Шу жиллири у қайси саһада ишлимисун, шу коллектив алдида өзиниң тиришчанлиғи вә силиқ сөзлири түпәйли һөрмәткә сазавәр болуп «Әмгәк ветерани» медали вә бир нәччә махташ тәқдирнамилар билән мукапатланған.

Шу жилларда Турсун ака өмүрлүк аяли Һелимәм һәдә билән турмушниң иссиқ соғлирини тәң тартип, инақ яшап, бир-биригә яр-йөләк болуп, алтә оғулни чоң қилип қатарға қошти.

Турсун һажим Курбанниң мәрипәткә интилған қәлби уни 50 жилдин буян қәлимини ташлимай, һәр хил мавзуларда мақала- хәвәрләрни йезип, гезит- журналларда униң йеңи-йеңи мақалә, һекайилири бесилип турған, «Тәңри тағ садаси» радиоси униң һекайә вә мақаллирини көп аңлатқан еди. Алмутида чиқидиған «Коммунизм туғи», «Йеңи һаят», Бишкәктә чиқидиған «Иттипақ», «Виждан авази» гезитлиригә муштири топлаш вә тарқитиш ишлирини атқурған. Шундақла Қирғизстан уйғурлири «Иттипақ» жәмийитиниң паалийәтлиригә актив қатнишип, бир нәччә қетим тәшәккүрнамиларни елишқа муйәссәр болған еди.

Лебединовка йезисиниң жамаити арисидила әмәс, пүтүн Бишкәк шәһири жамаәтчилигиниң һөрмәтлик ақсақали болған Турсун һажим Курбан 2015- жили, 29- июнда дуниядин өтти. У һаят болған болса бу жил 100 яшқа кирәтти.

Биз бүгүн Қирғизстан уйғурлири «Иттипақ» жәмийитиниң вә Лебединовка йезисидики уйғур жамаити намидин мәрһум Турсун акиниң ятқан жайи жәннәттә болсун , дәп Алла Таaладин тиләймиз, Амин!

**АБДУСАЛАМ ГАППАР**

# Йеңи жигитбеши сайланди

21- март күни Қирғизстан жумһурийитиниң Чүй вилайити, Москва наһийәси, Беловодское йезисиниң уйғур жамаити, уйғур хәлқиниң әнәнивий байрими болған Норузни чоң мәйданда, һәр милләт вәкиллири, әр-аял, яшлар вә ушшақ балиларниң қатнишиши билән дағдуғулуқ өткәзди.

Шу күни Беловодское йезисиниң уйғур жамаити жигитбеши Сиражидин Абдукерим оғлиниң жигитбешилик вәзиписидин бошутуш илтимасини қарап чиқип, униң узун жиллар жигитбешилик хизмитини яхши ишлигәнлигини тәрипләп, униңға тон вә доппиларни кийдуруп узатти. Андин кейин Беловодское уйғур жамаитиниң жигитбешиликқа Әхмәтжан Нурдин оғли Иминовни сайлашти.



Әхмәтжан Нурдин

Әхмәтжан Нурдин оғли Иминов 1955- жили, Уйғуристанниң Ғулжа шәһиридә туғулған. 1963- жили ата-аниси билән Қирғизстанниң Пржевальский ( һазирқи Қарақол) шәһиригә көчүп кәлгән. 1973-1975- жиллири Совет армийәсидә хизмәт қилған. 1975- жилдин тартип Беловодское йезисида яшап кәлмәктә. Шоферлуқ кәспидә ишләйду. 2010-2012- жиллири Баратжан Усинов Беловодское йезисида жигитбеши болған мәзгилидә Әхмәтжан униң ярдәмчиси болуп, жамаәтниң хизмитини қилған. Мошу мунасивәт билән Әхмәтжан Нурдин оғлиға жамаәтчилиги миз саһасидики паалийәтлиригә чоң утуқларни тиләймиз.

***ӨЗ МУХБИРИМИЗ***

# МУРАСЛИРИМИЗНИ САҚЛАП ҚАЛАЙЛИ

Ата-бовилиримиз бизгә қалдурған, урп-адәт, сәнъәт вә мәдәнийәтләр биз үчүн чоң байлиқ. Әпсуски, ахирқи жилларда бу бизниң байлиғимиз аста-аста йоқилғини башлаватиду. Һәммимиз билимиз, әгәр урп-адәт, мәдәнийәт вә сәньәт йоқалса, милләтму йоқилиду. Бизниң бу мураслиримизни әсирләр бойи сиртқи дүшмәнлиримиз йоқитимиз, бизниң вәтәндишимиз, һазир Английәдә турушлуқ Абди-керим қари мундақ дәйду: «Әгәр нахша : питнә - пасат , бир кишигә яла чаплаш, әлни иккигә бөлүш , яман йолға башлаш , динға қарши, шуниңға охшаш тәтир ташвиқат сөзләр болса бу һарам. Бундақ сөзләр Құръандиму чәкләнгән .
Әгәр нахша, Аллани, вәтинини, ата - ана вә бир



дәп йоқиталмайватиду. Бизниң мәдәнийитимизни йоқитиватқанлар сиртқи дүшмәнләрла әмәс, бәлки биз билән биргә жүрүватқан, бир дәстурханда олтуруп чай-нан йәватқан қериндашлиримиз. Той-төкүндә, мәшрәпләрдә нахша-саз чалса йәнә өлүмдә жиғлиса яман болуду дәп, өзимизниң қедимдин тартип келиватқан урп-адәт, мәдәнийитимизни йоқ қиливатимиз. Әгәр биз мошундақ маңиверсәк уйғур миллити Қирғизстанда йоқ болуп кетиду. Мән мошуларни ойлисам йерим кечидә чөчүп ойғунуп кетимән. Мениң билишимчә, Бишкәк шәһиридә йәнә Тоқмақтин Чалдоварғичә уйғурлар зич олтурақлашқан жайларда уйғурлар арисида кам дегәндә 220-300 мәшрап бар(чоң-кичик болуп). Бу мәшрәпләр ичидә Курвантай Ибрагимовниң рәһбәрлигидики мәшрәптә саз-нахшилар бар, қалған мәшрәпләрдә музика йоқ. Бәзи бир мәшрәпләрдә бир яки икки сазәндиләрни барларму бар. Йәнә бир нәччә мәшрәпләр сазандә тәклип қилиду, қалған 80-85 % оттуз оғул мәшрәп әһли саз аңлимайду яки уни яқтурмайду. Нахша вә саз тоғрулуқ, туққанларни сөйүшкә вә һөрмәт қилишқа, вәтинини, миллитини, динини қоғдаш учун жасарәткә, қәйсәрликкә чақирса бунинң немиси һарам, бундақ нахшилар һалал».
Русийәлик дин әрбаби (имам - хатиб ) Шамиль Алаудинов нахша - саз тоғрисида мундақ дәйду: «Құръанда һарам яки һалал дегән сөз йоқ . Әгәр нахша әлни яман йолға башлиса һарам , яхши йолға башлиса һалал . *( Шамиль Аляутдинов, www. yovtube com . Музыка в Исламе )*
Алланиң дегән сөзи бар ; мән сени яраттим , ярилишиң өзәндин . Мән саңа әқил бәрдим , ақ - карини , һалал - һарамни пәрқ қилип яша .
Әзиз қериндашлар, ата-бовимиз бизгә қалдурған мураслиримизни өзимиз сақлимисақ бизгә һечким сақлап бәрмәйду. Әгәр мәдәнийитимиз йоқулуп кәтсә, у чағда кәлгүси әвлатлар алдида немә дәп жавап беримиз. Һазир биз мураслиримизни сақлап келимиз десәк, бир яқидин баш, бир йәндин қол чиқирип, сиртқи вә ички дүшмәнләргә қарши күрәш қилишимиз керәк.

**АЛИМЖАН МУСАЖАН ОҒЛИ ӘЙСА**

# ТӘЗИЙӘЛӘР



Йеқинда Қазақстанниң Алмута шәһиридә, пәқәт Қазақстандила әмәс, башқа әлләрдиму тонулған нахшичи, композитор

***АБДУЛӘҺӘД ИСЛАМОВ***

63 йешида вапат болди.

Егилишимизчә, Абдуләһәд Исламов 1959-жили, 12-апрелда уйғур елиниң Ғулжа шәһиридә дунияға кәлгән. 1965-жили, ата-аниси билән Қазақстанға көчүп чиқип, Алмута шәһиригә орунлишиду вә «Достлуқ» мәһәллисидики Абдулла Розибақиев намидики оттура мәктәпни тамамлайду. У кичигидинла хәлиқ музикисиға қизиқип, бәш йешида уйғур миллий чалғу әсваблиридин дутарға иштияқ бағлиған вә болупму уйғур хәлқиниң мәшһур иҗрачилириниң нахшилири йезилған пластинкини тиңшашни яхши көргән. Абдуләһәд мәктәптә оқуватқан чағлирида Совет Иттипақи вә Қазақстанниң даңлиқ чалғу әсваб ансамбллириниң иҗадийитини көп үгиниду. У дәсләптә мәктәптә қурулған миллий ансамбльда раваб, кейинчирәк «Достлуқ» мәһәллисидә қурулған хәлиқ чалғу ансамблида дутар вә башқа саз әсвапliриниму чалған. Сәккизинчи синиптин кейин у Сәмәрқәндтики музика мәктивигә оқушқа кирсиму, лекин йәрлик шараитқа көнәлмигәнликтин журтиға қайтип келиду. Һәрбий сәптә хизмәт қилип жүргән жиллири униң талантини көргән рәһбәрлик Абдуләһәдни һәрбий оркестрға қобул қилған. Кейинки жилларда у даңлиқ «Яшлиқ» ансамбилида ишләп, өзиниң талантини техиму намаян қилған.

Абдуләһәд Исламов саз әсвабида ойнаштин ташқири йәнә өзиму нахша йезип, шу нахшиларни өзи иҗра қилиш дәриҗисигичә өскән. Униң «Бәргин хәвәр» нахшисиниң өзила баһар чағларда өз сөйгүсини күйлигән пүтүн бир симфония еди. Әнә шуни Абдуләһәд өзи иҗра қилған.

«Сеғиндиңму» дегән нахшиси хәлқимизниң бүйүк нахшичиси Айтурған Һәсәнованиң иҗрасида вәтән һәм униң сиртидики миллионлиған сәнъәт шәйдалириниң диллириға орнап кәтти.

Абдуләһәд Исламовниң вапати пүткүл уйғур хәлқи үчүн чоң бир жудалиқ. Мошу қайғулуқ мунасивәт билән мәрһумниң аилисигә, уруқ туққанлириға чоңқур қайғуруп тәзийә билдүримиз. Мәрһумниң ятқан йери жәннәттә болсун.

***Қирғизстан уйғурлири «Иттипақ» җәмийитиниң Мәркизий кеңиши.***



Чүй вилайити, Москов наһийәси,
Беловодское йезисиниң турғуни

**Тохтиева Илинур Абләхәт қизи**

70 йешида аләмдин өтти. Мошу қайғулуқ мунасивәт билән мәрһумәниң аилисигә, уруқ-туққанлириға чоңқур қайғуруп тәзийә билдүримиз.
Мәрһумәниң ятқан йери жәннәттә болсун.

***Беловодское йезисиниң уйғур жамаити***
***Чәт-Көл йезиси уйғур жамаәтчилиги***
***намидин жигитбеши Әркин Мусаев.***

# ДИҚҚӘТ!



2022-жили, 14-май күни (шәнбә), саат 17:00 дә «**АВАТ**» банкет залида мәшһур демократик, вәтәнпәрвәр шаиримиз Лутпулла Мутәллипниң туғулған күнiниң 100 жиллиғиға беғишланған

## ҚИРҒИЗСТАН ЖУМҺУРИЙӘТЛИК ЧОҢ МӘШРӘП

өткүзилиду.
Бу мәшрәпкә Марат Норузов башчилиғидики алмутулуқ бир топ музикантлар қатнишиду.
Мәшрәпниң өткүзилидиған йери:
Билетниң бир кишилик баһаси: **1100** сом.
Бу мәшрәпкә Лебединовка йезисиниң жамаити саипханлиқ қилиду (жигитбеши Әркин Веләмов).
Алақә вә билетларни сетип елиш телефонлири:
0555975099; 0700975099-Сидиқжан
0706111348; 0705900020- Әркин
0700241166-Ғожәхмәт (Костя)



# ВНИМАНИЕ!

14 мая (суббота) 2022 года, в 17:00 в Банкетном зале «**АВАТ**» проводится

**БОЛЬШОЙ ОБЩЕРЕСПУБЛИКАНСКИЙ МАШРАБ,**

посвященный к 100-летию со дня рождения видного демократического поэта и патриота Лутпуллы Муталлипа.
В данном машрабе принимает участие группа музыкантов из г. Алматы под руководством Марата Норузова.
Цена одного билета – **1100** сом.
Данный машраб проводит джамаат с.Лебединовка (жигитбеши Эркин Велямов).
Телефоны для справок:
0555975099; 0700975099-Сыдикжан
0706111348; 0705900020-Эркин
0700241166- Хожиахмат (Костя)



# ТӘБРИКЛӘЙМИЗ!



11 мая 1925г. –
14 декабря 1997г.

## САБИРОВ ӘХМӘТЖАН БОВИМИЗНИ ӘСЛӘЙМИЗ

Бевапа дуния һәқиқәттә бевапа екән,
Мән бу ибариниң мәнисини
Сәндин айрилғандин кейин билдим!
Бе- мәзгил кәлгән шу әжәм 72-йешиңда!
Бизни жиғлитип, панидин бақиға кәттиң!
Дилиңда пүккән арзулириң көп еди,
Арманлиреиң бири нәвирләрниң тойини көрүш!
Шу тойларни көрәлмәй кәттиңғу!
Әң сөйүмлүк нәврәм – Сабиржан дәттиң!
Бағриңға басалмай кәттиңғу!
Амалим канча, һижран дәрдидә,
Өксүп жүримән, шу һәсрәт дәрдидә,
Нахшамда етип әсләштин башка,
амалим йоқ!
Нәә, даванлар кезип бу өмүрдә,
Дәрдашлиқ берипсиз,
Азап чәккән, бу көңүлгә!
Кичиккә иззәт, чоңға һөрмәт,
Көрсүтүп, яшапсиз жан ақсиму төмүргә!
Нәвирләрниң тойини арманлап, әпсус,
Һаят йолуңуз болсуму сөз.
Бир вариғи капту өрүлмәй,
Қолумдин йетиләп, дуттар челип
Жүргән күнләр есимда!
Ақ-боз ат минип елип кочиларда,
Кирип капсиз бүгүн чүшүмгә!
Әнди сиз йоқ, көңлүм йерим,
Женим Әхмәтжан бова!



Новопокровка йезисиниң турғуни,
узун жиллар бойи мошу йеза уйғур жамаәтчилигиниң һөрмәтлик ақсақили
**НӘБИЖАН ҚАСИМ ОҒЛИ ИСАРОВНИ**
65 жиллиқ туғулған күниниң тәвәллуди билән чин көңлимиздин тәбрикләймиз!
Нәбижан Қасимовқа тән-саламәтлик, узун өмүр, аилисигә бәхит-саадәтләрни тиләймиз.

*Новопокровка йезисиниң жамаити вә урук-туққанлири*

# ВНИМАНИЕ




*Внимание 6 по 7 мая 2022 года пройдет 5 международный турнир по самбо среди юношей 2006-2007 года рождения , посвященного «Дню победы , ветеранам ВОВ и воинам – уйгурам – героям Советского Союза : Масиму Якубову, Сульхи Лутпулла-еву (Лутфуллину) и Дадашу Бабад-жанову.*

*Место проведения: г. Бишкек , ул.Водопроводная 4 /1 , спортивный зал «Динамо»*
*Начала соревнований : 7 мая 2022 года в 9:00 ч.*
*Торжественное открытие : 7 мая 2022 года в 12:00*
*Закрытие и соревнований : 7 мая2022 года в 18:0 0 ч.*